ئابلەت جۇمە

# چارۋىلارنى تېز سەمرىتىش ھەققىدە ھېكايە

ئابلەت جۇمە

# چارۋىلارنى تېز سەمرىتىش
## ھەققىدە ھېكايە

تېخنىكا تەھرىرى: مۇھەممەت بەھرىدىن
مەسئۇل تەھرىرى: تاھىر تالىپ

# تەھرىردىن

مۆھتىرەم كىتابخان، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب سىزنىڭ ئوقۇپ چىقىشىڭىزغا ئەرزىيدۇ. كىتابتا، قوي باقىچىلىقىغا ئائىت بىلىملەر سىزگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدىلىك ۋە قاتلاملار بويىچە ئايان بولىدۇ. چۈنكى بۇ بىلىملەر ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش جەريانى بىلەن بىرىكتۈرۈلگەن ئاساستا، ئاممىباب تىل ئارقىلىق قىزىقارلىق ھالدا بايان قىلىنغان. پەن-تېخنىكىغا ئائىت بىر قىسىم كىتابلار بىر خىل قاتمال تىل ۋە زېرىكتۈرەرلىك بايانىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان ئەھۋالدا ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا ئۆزىگە خاس جەلىپكار ئۇسلۇبنى قوللانغان. سىز بۇ كىتابتىن سەھىپە ئاچسىڭىزلا، كىتابنىڭ نوقۇل ھالدىكى قوي بېقىش تېخنىكىسى ھەققىدىكى ۋەز - نەسىھەت ئەمەسلىكىدەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلىسىز. ئوقۇپ كۆرۈڭكى، ئاپتور سىزنى ئەمەلىي تۈس ئالغان قىزىقارلىق، جەلىپكار بىر مۇھىت ئىچىگە تۇيدۇرماي باشلاپ كىرىدۇ. سىز بۇ خىل مۇھىت ئىچىدە ئۆزىڭىزنى ۋە سىزگە تونۇش بولغان يېقىن كىشىلىرىڭىزنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىسىز.

نەھايەت، بۇ كىتاب سىزگە ئۆزىگە خاس ئېس-
تېتىك زوق بېرىش بىلەنلا قالماي، پەن - تېخنىكا
بىلىملىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ قېلىشىڭىزغا تۈرتكە
بولىدۇ. ئاپتور دەل مۇشۇ مەقسەتتە يازغان بۇ كى-
تاب يالغۇز سىزنىڭ شەھەر - بازارلاردىلا ئەمەس،
كەڭ يېزا - قىشلاقلاردىمۇ قويلارنى، شۇنداقلا، باش-
قا چارۋىلارنى بېقىش، باشقۇرۇش، پەرۋىش قىلىش
ۋە گۆش مەنبەسىنى كۆپەيتىشىڭىزگە يېتەكچىلىك قى-
لالايدۇ. دېمەك، بۇ كىتابنى ئوقۇش ھېچقاچان ۋاق-
تىڭىزنى زايا قىلغانلىق بولمايدۇ.

دوستۇم، بۇ كىتاب — شۇنداق كىتاب، بۇنىڭ-
دىكى بىلىملەر ھايۋاناتلارنى بېقىپ، ئۇنىڭدىن نەپ
ئېلىش مۇساپىسىدا سىزگە ئازغىنە بولسىمۇ. پايدا
بېرەلىسە ئەجەپ ئەمەس.

هۆرمەت بىلەن: مۇھەممەت بەھرىدىن.

1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

# مۇندەرىجە


قوي باققاننىڭ پايدىسى كۆپ .................. 1

مەقسەت پۇل ئۈچۈن ئەمەس .................. 2

گەپ ھويلىنىڭ تار ئىكەنلىكىدە ئەمەس ........ 4

ئوقۇر ياساش قىيىن ئەمەس .................. 8

چاققان بولسا، ئەپلىك بولىدۇ .................. 11

ئەسۋاب ئەپ بولسا، ئىش خوپ بولىدۇ ........ 13

كىچىك ئەپەندىم .................. 16

قوي قانداق يەملەردە تېز سەمرىيدۇ؟ .................. 19

كۆنگەن ھەممىدىن يامان .................. 23

ئاق شېكەردەك «ئاق شېكەر» .................. 27

ئاچ قالغان قوي ئۆز يېغىنى يەيدۇ .................. 32

قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى گۆشنى لاۋزا قىلىپ
قويامدۇ؟ .................. 34

ھايۋان تۇۋاقتىن سەمرىيدۇ .................. 40

قىش كۈنلىرى قوي راستىنلا سەمرىمەمدۇ؟ ...... 42

ھايۋانلار ئەركىنلىكنى سۆيەمدۇ؟ .................. 46

ئىسسىق يەممۇ ئىشتىھانى ئاچىدۇ .................. 50

قوي نېمىشقا قەغەز يەيدۇ؟ .................. 54

قوناق ماجىراسى ...................... 57
قوشۇمچە يەم — ئوشۇقچە يەممۇ؟ ............ 60
غەيرىي پۇراق — غەيرىي ھالەت پەيدا قىلىدۇ ...... 64
قوينىڭمۇ ئەقلى بولامدۇ؟ ................. 70
قان سۈمۈرگۈچى كاساپەت .................. 76
قوينىڭ گەردىنىدىكى تۈك نابۇت بولغاندا ...... 81
ئىغىلدىكى «گۈلخان» ...................... 87
ھەر ئىشنىڭ تەرتىپى بار .................. 92
«تار يەردە گۆش يىگاچە كەڭ يەردە مۈشت يە»...... 96
ۋەھىمە ساۋىقى ........................... 100
زەھەرسىزلەندۈرۈشكە سەل قارىماڭ............ 105
مىڭ دۇمبادىن بىر قورساق ئىسسىقى يامان ...... 109
يۆتەل تۇتقاندا ........................... 115
قويدىكى بەلغەمنى سەمرىشكە باشلىغانلىقىنىڭ
بەلگۈسى دېيىشكە بولامدۇ؟.................. 119
ساپادا يوق، قاتاردىمۇ يوق ................ 123
ساۋاق كۆزنى ئاچىدۇ ...................... 128
پايدا توغرىسىدا پاراڭ ..................... 132
ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ سىرى نەدە؟ ................ 135

# قوي باقانىڭ پايدىسى كۆپ

مەن ئاغىنەمدىن سورىدىم:

— نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتىسەن؟

— ئىدارىدىكى خىزمىتىمنى ئوبدان ئىشلەپ، بوش ۋاقىتلاردا قوي بېقىۋاتىمەن.

—راستى بىلەن دەپ باقە، قوي باقانىڭ زادى پايدىسى بارمىكەن؟ — دەپ سورىدىم مەن ۋە ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ جاۋابىنى كۈتتۇم.

— ئاداش، قىسقىلام دەي. —دېدى ئۇ خۇرسەنلىك بىلەن. —كونىلار ھالال نەرسە زىيان قىلمايدۇ دەيدىكەن. بۇ راستكەن. ئەگەر ئېغىر كۆرمىسەڭ، باققۇدەك كىچىككىنە ئورۇن بولسا، سەنمۇ باقساڭ بولىدۇ، بېقىپ بىر كۆنۈپ قالساڭ، پەقەت مېھرىڭنى ئۈزەلمەيسەن، قوي گۆشى دېگەن ئادەم تېنىگە قۇۋۋەت. ئۇ ئائىلىگە بەرىكەت، كۆزگە راھەت دېگىنە!..

دوستۇم بىردىنلا ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىرەر ئىشتىن خۇشال بولسا ھاياجانلىنىپ سۆزلەيدىغانلىقىنى، بىرەر ئىشنى قىلسا، نەتىجە قازانمىسا ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. قارىغاندا ئۇ بۇ ئىشتىنمۇ نەتىجە قازىنىپتۇ — دە!

— مەن ساڭا تەپسىلىي چۈشەندۈرىمەن. سېنى قايىل قىلمىسام، كۆڭلۈم تىنمايدۇ.

ئۇ، قىستاڭ يەردە قويلارنى تىمىز بورداش تېخنىكىسى توغرىسىدىكى ھېكايىسى باشلىدى...

# مەقسەت پۇل ئۈچۈن ئەمەس

گەپنى سەل باشتىن باشلاي، ھاياتىلىقتا ئادەم پەقەت بالا يۈزى كۆرگەندىلا، ئاندىن ئادەم قاتارىدا سانالغىلى بولىدىكەن. ئۇھ مەن تۇنجى پەرزەنت كۆردۇم. خۇداغا شۈكرى! يەنە كېلىپ ئوغۇل دېگىنە! پەرزەنت ئىشقى ئاجايىپ بولىدىكەن، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن، ئۇ بالا چوڭ بولغانسېرى ئوماق، سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىۋىدىغان گەپ ئىكەن. شۇنداق چاغدىلا، ئاتا - ئانىغا قانداق بالا ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنەلەيدىكەنمىز ... لېكىن، ئاشۇ چاغدا، ھەم ئاتا - ئانىنى ئەسلەيدىكەنمىز. ھەم ئاتا - ئانىسى ئۇنتۇپ كېتىدىكەنمىز، ھەممىنى ئاشۇ بالا ئۇنتۇلدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا بارلىقىڭنى ئاتا قىلىشقا رازى بولىدىكەنسەن. توۋا، ئەجەب ئىش - ھە؟ سېنىڭ ئاشۇ بالىغا ھەر قانداق ئىشلارنى قىلىپ بەرگۈڭ كېلىدىكەن، بۇنداق چاغدا سېنى ئاجايىپ سېغىنىش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەتمەنلىك چۇلغايدىكەن. ئوتقا دېسە، ئوتقا، سۇغا دېسە، سۇغا سەكرەيدىكەنسەن!... شۇنداقمۇ - يا!؟

— راست، شۇنداق.

— ھە دېگەندە، ئوغلۇم ئۇنى - بۇنى پەرق ئەتكۈدەك بولدى. بۇ ئائىلىمىز ئۈچۈن بىر چوڭ خۇشاللىق ئىدى. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن ھايۋاناتلارغا ئاجايىپ قىزىقاتتى، قايسى بىر ھايۋاننى كۆرسە ھەددىدىن زىيادە ياپراپ كېتەتتى. تەم - تىم ماڭغان چاغدا ھايۋاناتلار ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچى بىلەن ئۇنى ئۆز ئەتراپىغا تارتاتتى. بەزىدە ئۇ قاتتىق يىغلاپ پەس بولغىلى ئۇنىمايتتى، ئاشۇنداق چاغدا ئۇنى ھايۋانات باغچىسىغا ئېلىپ كىرسەك يىغىسى توختايتتى، شادلىناتتى. ئۇ گاھىدا ئۇچار قۇشلارنىڭ سايرىشىدىنمۇ خۇشال بولاتتى، ئۇنى ئۆزگىچە بىر خىل قىزىقىش چۇلغاپ ئالاتتى.

ئوغلۇم ئىككى ياشقا كىرگەندە، قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن سېرىقبۇيىغا باردۇق. ئوغلۇم داداملارنىڭ ئۆيىدىكى ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنى كۆرۈپ قەۋەتلا شادلاندى. ئۇ، توخۇ - توشقان، ئۆردەك، غاز، كەپتەرلەرنى قوغلاپ ھارمىدى. مال - چارۋا، ئىتلارنى چالما كېسەك قىلدى. بىر قانچە كۈنگىچە قانمىدى، قايتىپ كېلىدىغان چاغدا ئۇ، ھايۋاناتلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ مۇمكىن بولىدىغان ئىشمۇ؟ ئاخىرى بالا ئۆزى سېرىقبۇيىدا قالدى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى كىچىك ئىنىم بىلەن مال باققانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇق. بالىنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ھەدېسە قاتتىق يىغلاپ خاپا قىلدى.

ئۇ، ھايۋاناتلارنى دورايتتى، كۆرۈشكە تەلمۈرەتتى، تاغ قۇشقۇچى باقتىم، لېكىن بالا ئۇنىڭغا يوپۇشمىدى. ئۆگزەمدە ئىتتىن بىرنى باقماقچى بولدۇم. شارائىت يار بەرمىدى. توخۇ، كەپتەر باقاي دېسەم، مۇھىتنى بۇلغايدۇ دەپ ئىدارە چەكلىگەن. قوي باقايمۇ؟ بىراق ھويلام تار، بولمىسا، ئوغلۇممۇ قوي بېقىپ، قويغا ئامراق بولۇپ قالغان. توغرا، مەن دادام ۋە باشقىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن قوي باقمىدىغان بولدۇم.

مېنىڭ قارىشىمچە، قويلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش بەكلا ئۇنۇمى بار ئىش ئىدى. شۇڭا مەن نەگىلا باراي چارۋىچىلىق توغرىسىدىكى كىتابلارنى سېتىۋالدىم. مەن سېتىۋالغان كىتابلاردىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پورمۇلالاشتۇرۇلغان ئۇقۇملار بولۇپ، شەھەر ئائىلىلىرىدە چارۋا مالنى قانداق بېقىش ھەققىدە ھېچقانداق بىر چۈشەنچە يوق ئىكەن. تۇرۇپ مەيۈسلەندىم. راست، مەقسەت پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوغلۇمنى خوش قىلىشقۇ؟

## گەپ ھويلىنىڭ تار
## ئىكەنلىكىدە ئەمەس

مەن ھويلامنى ئۆلچەشكە باشلىدىم.
ئىشتىن كىرگەن خوتۇنۇم سورىدى:

— نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيسىز؟

— ھويلىنى ئۆلچەپ كۆرۈۋاتىمەن.

— نېمە ئىش قىلماقچىسىز؟

— قوي ئېغىلى سالماقچى مەن.

— ھويلىنىڭ تارلىقىدا تېخىمۇ تار قىلىدىغان بولدىڭىزما ئەمدى؟

— ياق، ئۇنچە تار ئەمەس، ھويلىمىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ساق 4.70 سانتىمېتر، كەڭلىكى ئۈچ مېتر ئىكەن، كۆمۈرخانا، سۇپىنى ئېلىۋەتسەك، ئورنىغا ئېغىل سالىمىز، ھويلا يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بولىدۇ.

— كۆمۈرخانىنى قانداق قىلىمىز؟

— مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىۋاتىمەن، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟

— بىلمەيمەن ...

مەن ئېغىل پىلانىنى تۈزۈپ چىقتىم. ئېغىلنى قانداق سېلىش، كۆمۈرخانىنى نەگە سېلىش ۋە بۇلارنىڭ ئۆيگە بولغان تەسىرى، ھويلىغا كەلتۈرىدىغان نۇقسانى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلاندىم.

— ئېغىلنى قانداق سالىسىز؟ — دېدى خوتۇنۇم.

— ئېغىلنى بەك ئۆي تەرەپكە يېقىنلاشتۇرۇۋالساقمۇ بولمايدۇ، بىرى، قوينى ياز كۈنلىرى باقمايمەن دېگىلى بولمايدۇ، ئۆيگە بەك يېقىن بولۇپ قالسا، قوينىڭ قىغىنىڭ پۇرىقى ئۆيگە كىرىدۇ. يەنە بىرى، قوي دېگەندە پىت، سالجا، كانا بولىدۇ، ئۆيگە بەك يېقىن بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىكى پىت، سالجا،

كانىلار ئۆيگە ئاسانلا كىرىپ، ئادەمنى چاقىدۇ.
يېمەك-ئىچمەكنى بۇلغايدۇ. مەن مۇشۇلارنى كۆزدە
تۇتۇپ سۇپا بىلەن كۆمۇرخانىنى ئېلىۋېتىپ كوچا
تەرەپكە ئېغىل سېلىپ بۇنىڭغا هاۋادان قويىمەن.
ئۆي تەرەپكە نەرسە-كېرەك قويىدىغان كىچىك ئۆي
سالاي دەيمەن، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە كۆمۇرخانا
هەم يەم-خەشەك قويىدىغان يەر راسلىسام، ئۈستى
يېپىقلىق بولغاندىن كېيىن بەك قولاي بولىدىكەن.
— ئۇنچىلىك يەرگە قانچە قوي پاتىدۇئەمدى، —
دېدى خوتۇنۇم دېگەندەك خوپ كۆرمەي.
— پاتقىنى پاتار، ئادەتتە بىر چوڭ قوي ئۈچۈن
0.85—0.95 كۋادراتمېتر ئېغىل بولسا بولىدۇ.
ئېغىل بىلەن نەرسە-كېرەك قويىدىغان ئۆينىڭ
پىلانىنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە تېمىنى يېرىم پىششىق
خىشلىقتىن قىلىپ، ئىككى، ئۈچ كۈندىلا پۈتكۈزدۈم.
بۇ ئۆيمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خېلى چىرايلىق، چاققان.
تېخى ئىككى قەۋەتلىك ماكان بولۇپ قالدى: يالغۇز
ئېغىلنىڭ ئۆزىلا ئۇزۇنلۇقى 1.70 مېتر، كەڭلىكى
1.40 مېتر، ئېگىزلىكى ئىككى مېتر پۈتۈپ چىقتى.
ئېغىلنىڭ ئالدى تەرىپىمۇ ئالاھىدە ئېهتىياج بىلەن
پىلانلاندى: ئوڭ تەرىپىگە كەڭلىكى 70 سانتىمېتر،
ئېگىزلىكى 1.20 مېتر كېلىدىغان ئوتتۇرىسىدا
بىرلا تۈسمىسى بار، شېلى يوق بەش ۋادەكلىك ئىشىك
بېكىتتىم، بۇ ئىشىكنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قىشتا
نەرسە-كېرەك چاپلىۋەتسەك، ئېغىل ئىسسىق بولىدۇ.

يازدا نەرسە- كېرەكلەرنى ئېلىنىۋەتسەك، ئېغىل سۆرۈن بولىدۇ ھەمدە ئوغۇت- قىغلارنى ۋاقتىدا ئېلىش ئۈچۈنمۇ ئادەمنىڭ كىرىپ چىقىشىغا قولايلىق بولىدۇ. بۇ ئىشىكنىڭ سول تەرىپىگە چوڭ بىر دېرىزە قويۇپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تال ياغاچ تاختاي مىخلاپ، دېرىزىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئۈستىنى دېرىزە، ئاستىنى قوي يەم يەيدىغان بوشلۇق قىلىپ تەييارلىدىم. بۇمۇ ئىشىككە ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ يەرگە قىشلىق ۋە يازلىق ئوقۇر ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغان قىلدىم.

— سالغان «ئۆي» لىرىڭىز خېلى ئوبدان بوپتۇ، — دېدى خوتۇنۇم. يېڭى سالغان ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆرگەچ، — بەك تار بولۇپ قالدىمىكىن دېسەم، ئۈچ - تۆت قوي سىغامدۇ نېمە؟

— ئېغىلغا يازدا ئۈچتىن تۆتكىچە قوي پاتىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ. ياز كۈنلىرى قوي بەك زىچ سولانسا. ئىسسىقتا دىمىقىپ سەمرىمەيدۇ. شۇڭا كۆپ باقمەن دەپ تار يەردە زىچلىقنى ئاشۇرۇۋەتسە بولمايدۇ؛ قىشتا ئاز دېگەندە تۆت، كۆپ دېگەندە بەشتىن ئال- تىگىچە سولاپ باقساق بولۇۋېرىدۇ، لېكىن قوينىڭ جۈغى كىچىك بولسا، كۆپرەكمۇ پاتىدۇ، قوينىڭ جۈغى چوڭ بولسا، ئازراق پېتىپمۇ قالىدۇ.

— گەپ ئېغىلنىڭ، ھويلىنىڭ تارلىقىدا ئەمەس ئىكەن - دە!؟ ئوغلىمىزنىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلدى- غان بولدۇق. دۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشتىن قايتىپ كەل-

گەندىن كېيىن ئىچ پۇشقىمىزنى چىقىرىمىز، بۇ ئاز-تولا تەنھەرىكەت بولۇپ تەن ساغلام بولىدۇ. بورداپ ساتساق پايدىسى بولىدۇ. ھېيت-بايراملاردا سويۇپ يەيمىز.

## ئوقۇر ياساش قىيىن ئەمەس

— قوي سېتىۋالغىلى چىقامسىز؟ — دەپ سورىدى خوتۇنۇم مېنىڭ بازارغا چىقىدىغانلىقىمنى سېزىپ.

— ياق، قوي سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن ئوقۇر سېتىۋالىمەن، چىقىپ ئوقۇر ئىزدەپ باقاي.

شەھەر بازىرىدا مانا مۇشۇ نەرسىنى تېپىش خۇددى توخۇ سۈتىنى ئىزدىگەنگە ئوخشاش ئىش ئىكەن.

ئىدارىنىڭ ياغاچچىسىغا يالۋۇردۇم، ئۇلار ماقۇل دېدى. لېكىن ئاشۇ ماقۇلغا جاۋاب يوق ئىكەن... مەن ئىدارىنىڭ قەغەز كېسىش سېخىغا كىردىم ۋە قەغەز ئوراشنىڭ ياغاچ شىلىدىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئۇنى چۇۋۇسام بەش تال شال چىقتى، تۆت تالنى ئايرىپ بىر-بىرىگە چىپىلاشتۇرۇپ كۆردۈم، قارىسام ئەپلىشىدىغاندەك تۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇزۇنلۇقى 1.80 سانتىمېترلىق، قېلىنلىقى 5 سانتىمېتر، كەڭلىكى 20 سانتىمېترلىق شالدىن يەنە بىر تال سېتىۋالدىم. ئاندىن بۇ شالنى يەنە ھېلىقى تۆت تال شال بىلەن

ئۆزۈنلۈكىنى تەڭ قىلىپ كەستىم، شالىنىڭ ئاشقان
قىسمىدا بىر تەرىپىنى تار، بىر تەرىپىنى كەڭ قىلىپ،
ئىككى تال چېتىق تەييارلىدىم. بىر تال يايى شەكلى-
لىك بادرا ياغاچ تېپىپ، 42 سانتىمېتردىن قىلىپ،
تۆت تال پۇت كەستىم. ئاندىن ھەربىر پۇتنىڭ ئىككى
بېشىنى ئويۇپ ئېلىپ، پۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن دوم-
بەل چىقىرىپ ئىككى بېشىنى سەل ئەگمە ھالەتكە كەل-
تۈرۈۋالدىم. كېيىن بۇ نەرسىلەرنى بىر - بىرىگە
قۇراشتۇرۇپ، مىخلاپ تۆت پۇتلۇق ياغاچ ئوقۇر
تەييارلىدىم.

ئوقۇرنىڭ ئاستى كەڭلىكى 20 سانتىمېتر، ئۈستى
كەڭلىكى 45 سانتىمېتر، ئۇزۇنلۇقى 1.12 مېتر پۈتۈپ
چىقتى. مەن بۇ ئوقۇرنى ئېغىلنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنى-
ۋېرسال پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ پىلانلىغانىدىم.
ئېغىلنىڭ ئەھۋالىدا، قوينىڭ ئالدىدا دائىم سۇ
بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇر بېشىدىن
پايدىلانماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. مەن ئوقۇرنى
پىلانلىغىنىمدا مۇشۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بەردىم ۋە
ئوقۇرنى ئېغىل ئۇزۇنلۇقىدىن نىسبەتەن كىچىك
ياسىدىم ۋە ئوقۇرنىڭ بىر بېشىنىڭ سىرتى تەرەپكە
بىر تال سىم بىلەن بىر دانە گارنۇشكا توختىتىپ،
ئۇنىڭ سىمىنى ئېغىل ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىغا قاققان
بىر تال مىخقا چېتىپ جايلاشتۇرۇپ، ئۇنى سۇ
قاچىسى قىلدىم. بۇمۇ تازا ئەپلەشتى. بۇ ئوقۇرنىڭ
ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئازادە، يۆتكەپ ئىشلەتكىلى.

ئاستىدا نەرسە - كېرەك قويغىلى بولىدۇ. كەمچىلىكى ئوقۇر ئېغىل سىرتىغا جايلاشتۇرۇلغانلىقتىن، قىشتا يەم ئاسان توڭلاپ قالىدۇ.

دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى پاخلان سېتىۋالدىم، ئوغلۇم ئاجايىپ ياياراپ كەتتى، ئۇ، ھەدېسىلا قويلار بىلەن بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قىلىقلىرى بەكلا كۆڭۈل-كىلىك بولۇپ، بىزنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇراتتى، ئەجەبلەندۇرەتتى، بىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلغان-لىقىمىزدىن قەۋەتلا خۇشال بولدۇق.

بارا - بارا قىش كىردى. يازلىق ئوقۇردا يەم مۇزلىشىپ بەكلا ئاۋارە قىلدى، كەچتە، قويلار بويىنىنى چىقىرىدىغان تۆشۈكچىنى ئېتىپ، ئېغىلغا سوغۇق كىرىشنى توسۇشتا، ئوقۇر توسۇۋېلىپ قولايسىز-لىق تۇغدۇردى. بىراق ئۇنى ئېغىل ئىچىگە ئەكىرىشكە بولمىدى. بىرى ئېغىل تارلىشىپ قالاتتى، يەنە بىرى، قويلار ئوقۇرغا پۇت قويۇپ ياكى چىقىۋېلىپ ۋە ياكى ئوقۇرغا ما ياقلاپ قويۇپ، ئاۋارىچىلىق تۇغدۇراتتى، مەن قىشلىق ئوقۇر ياساپ بۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇل-ماقچى بولدۇم. بىر تۇرۇپ، قويلار بويىنىنى چىقىرىدىغان بوشلۇق ئاستىدىكى كىچىك تامنى ئېلى-ۋېتىپ، ئورنىغا كېسەكتىن ئوقۇر ياسىماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇنى يازدا يەنە چىقىپ ئېلىۋەتمىسەم بول-مايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق تام ئوقۇرغا ھۆل نەرسىلەرنى تۆكسە، ئاستى - چۆرىسىدىكى كېسەك، سۇۋاقلار بوشاپ، لايلىشىپ يەمگە ئارىلىشىپ، يەمنى

بۇزاتتى ياكى بۇنداق يەملەرنى قويلار يەپ قالسا قورسىقىنى ئېشىپ قويۇشقا ئوخشاش تالا پەتلەرنى كەلتۈرەتتى. مەن كېيىن، بىر دانە ياغاچ يېشىكنى تاپتىم ـ دە، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى شاللىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئاستى ۋە تۆت چۆرىسىنى چەمبەر بىلەن مىخلاپ، تۆت چاسا ئوقۇردىن بىرنى ياساپ، قويلارنىڭ بويىنىنى چىقىرىدىغان تۆشۈكچىگە ئورنىتىپ يەم بەردىم. بۇ ئوبدان قاملاشتى. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوقۇر ئۇستىدىن يېپىپ قويۇشقا، ئېغىل سىرتىدا تۇرۇپ يەم ئارىلاشتۇرۇشقا ئەپ، يەم مۇزلاپ قالمايدىغان بولدى. كەمچىلىكى شۇ بولدىكى، قويلار پات-پات ما يا قلاپ قويىدى. چۈنكى، ئوقۇرنىڭ ئازراق بىر قىسمى ئېغىل ئىچىگە چىقىپ تۇرىدىغان ھالەتتە ئىدى. يەنە بىرى، قويلار يەم يېگەن چاغدا، سەل قىسىلىپ قالدى.

— سەن ياغاچچى بولمىساڭمۇ ئوقۇرنى يامان چىرايلىق ياسايدىكەنسەن،—دېدى بەزى دوستلىرىم،— بىز قوي بېقىپ قالساق، ئوقۇرنى سەن ياساپ بېرەرسەن!

— ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن رازىمەنلىك بىلەن.

## چاققان بولسا، ئەپلىك بولىدۇ

شەھەر ئائىلىلىرىدە نەرسە- كېرەك قويىدىغان

يەرمۇ قىس، قوي باققۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ياز كۈنلىرى قويلارنىڭ يەم-خەشەكلىرىنى قويۇشتا قىيىنچىلىق كۆپ بولمايدۇ، چۈنكى، بىرىدىغان ئوت-چۆپلەرنى ئۇدۇللۇق ئەكىلىپ بىرىمىز، شۇڭا ئادەتتە كۆپ ئۇرۇن بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما، قىشلىق يەم-خەشەكنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. قىشتا بېرىدىغان يەم-خەشەكنى كۈزدە يېتەرلىك تولۇقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى قاچىلاش ۋە مۇۋاپىق جايغا قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەن يەم-خەشەك قويىمەن دەپ راسلىغان يەرگە خېلى كۆپ يەم-خەشەك سىغاتتى. يەم-خەشەكنى قولاي، ئەپلىك جايلاشتۇرۇش، كۆپ پاتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇدۇم. مەن بىر ئامال تاپتىم. ئالدى بىلەن، ئۇن نەچچە تاغار سامان ئېلىپ، ئۇنى سامان تالقانلايدىغان زاۋۇتقا ئاپىرىپ تالقانلاتتىم. ئۇ، ئەسلىدىكى ھەجىمدىن زور دەرىجىدە ئىخچاملاندى. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىلغاندا، قويلار ساماننى ئوبدان يەيدۇ. ئاسان ھەزىم قىلىدۇ. سامان كۆپلەپ ئىسراپ بولمايدۇ. بۇ گوياكى ئاددىي خۇرۇشتىن لەززەتلىك تاماق تەييارلىغانغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. مەن ئۇنى بەك چوڭمۇ ئەمەس، بەك كىچىكمۇ ئەمەس، مەزمۇت قەغەز بەشمىكلەرگە چىڭداپ قاچىلىدىم-دە، يەم-خەشەك قويىدىغان يەرگە تىزىپ قويدۇم. بۇ بەك ئەپلىك، ھەم ئىخچام جايلاشتى. ئاندىن مەن باغچا ۋە ئىدارە ئىچىدىكى تېرەكلەردىن يىغدۇرغان دەل-

دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۆگزىدە قۇرۇتۇپ، ئۇنىمۇ خۇددى ھېلىقى سامانني قاچىلىغاندەك قەغەز يەشىككە قاچىلاپ، ئاغزىنى ئېتىپ، يەم - خەشەك قويۇش ئورنىغا تۆپە - تۆپىلەپ بېسىۋەتتىم. قۇرۇتقان بېدىلەرنىمۇ توغراپ، ئۇنىمۇ ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بېسىپ قويدۇم، مانا شۇنىڭ بىلەن، ھويلا - ئارامىلاردا چېچىلىپ قالىدىغان، ئىسراپ بولىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى، ئائىلە مۇھىتى ئەسلىدىكىدەكلا پاكىزلىكىنى ساقلاپ قالدى. چىكەت پوستىنى ئىخچام، توپا - توزىنى يوق يەم بولغاچقا، يەم قويىدىغان يەرنىڭ بىر تەرىپىگە بېسىپ قويدۇم.

ئۇرغۇن دوستلىرىم قوي بېقىشنى خالىسىمۇ، يەردىن پايدىلىنىشنى، يەم - خەشەكلەرنى جايلاشتۇرۇشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلالمىغاچقا، قوي بېقىش نىيىتىدىن يانغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن:

— ھەر قانداق ئىش قىلماسلىقتىن قالىدىكەن، كاللا ئىشلەتسە يول تاپقىلى بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېيىشتى.

## ئەسۋاب ئەپ بولسا، ئىش خوپ بولىدۇ

— سىز بەك جاپاكەش ئوخشايسىز - ھە؟ —

دېدى بىر خىزمەتدىشىم. مەن:

— راست، مەن خېلى جاپاكەش، ئۇنى مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم تاپقان. چۈنكى ھايات دېمەك، ھەرىكەت دېمەكتۇر، — دېدىم.

— راست دەيسىز، تۇرمۇش ئۇچۇن ئادەم تۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. مەنمۇ گاھىدا ئۆيۈمدە ئىشنى قىلىپ تۈگىتەلمەيمەن.

ئۇ مېنىڭ قولۇمغا قاراپ بايىقى گەپلەرنى قىلغانىدى، مېنىڭ قوللىرىم قاتماللىشىپ كەتكەنىدى: ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا زادىلا ئوخشىمايتتى، ھەتتا قوللىرىم چاۋىداپ يېرىلغانىدى. ئۆزۈممۇ ھەيران، قويلارنىڭ ھەر قانداق يېمىگە قولۇمنى ئىككىلەنمەي تىقىمەن، خۇددى قولۇمنى تىقمىسام، يەمنى قويلار يېمەيدىغاندەك، قويلار سەمرىمەيدىغاندەك قىلىپ كېتىمەن، يەمنى پاكىز يۇيۇش، ئارىلاشتۇرۇش، قايتا - قايتا تەكرارلىنىدىغان ئىش بولسىمۇ، مەن ئاشۇلارنى ئېغىر ئالماي، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىشتەك قىلىمەن. كېيىنچە مەن بۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالدىم. راست، بىر قېتىم مەن قويلارنىڭ يېمىنى ئارىلاشتۇرىۋاتقاندا خوتۇنۇم:

— قولىڭىزنى تىقىقچە باشقا بىر نەرسە بىلەن ئارىلاشتۇرىدىغان ئىشنى قىلىسىڭىز بولماسمۇ؟ — دېدى خىيالىمنى بۆلۈپ.

— ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاۋاتىمەن، مۇۋاپىق بىر نەرسە تاپالمايۋاتىمەن. يەمنى ئارىلاشتۇرىدىغان

بىر خىل ئەسۋاب ئىجاد قىلالايمەنكى دېگەن يەرگىمۇ كەلدىم.

مەن ئۆيدىكى نەرسىلەرگە قارىدىم: قاچا بىلەن يەمنى ئارىلاشتۇرۇپ باقتىم، ئەپلەشمىدى، لېكىن، قاچا قويلارغا ئۆلچەملىك يەم بېرىشتە ناھايىتى ياخشى ئۆلچەم ئەسۋابى بولۇپ قالدى، مەسىلەن، مەن ئاشۇ قاچىغا قانچىلىك قوناق، قانچىلىك كېپەك، قانچىلىك سۇ سىغىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈپ بىلىۋالدىم. مەن قويلارغا يەم بېرىشتە ئىشلىتىدىغان ئىككى داس بار ئىدى: مەن ئۇنىڭدا ھەمىشە دېگۈدەك ھەلەپكە سامان يۇياتتىم، بۇمۇ ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىق ئىدى. مەن دەرھال داستىن بىرسىنىڭ ئاستىنى مىخ بىلەن ئۇششاق تەشتىم - دە، ھەلەپنى سۇزۇپ ئولتۇرماي، سامانىنى شۇ داسقا تۆكۈپ، ئۇنى چېلەك ئۈستىگە قو- يۇپ، ئۈستىدىن بىر نەچچە قېتىم سۇ قۇيۇپ، چاي- قاپ ھەلەپنى ئاسانلا ئېتىدىغان بولدۇم. قارىسام، خوتۇنۇمنىڭ قولىدىكى كۆل تارتقۇ خېلى ئەپلىك تۇرىدۇ. مەن ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، ھەلەپنى - يەمنى ئارىلاشتۇرۇپ باقتىم، ۋاھ، نېمە دېگەن ئەپلىك! بۇمۇ مۇھىم، ناھايىتى ئەپلىك ئەسۋاب بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى بىر قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ قالدىم، قۇرۇلۇشچىلارنىڭ سايمانلىرى بەكمۇ ئەپلىك ئىكەن، ئالايلۇق لاي قاچىسى، لاي ئالىدىغان ھەم ئارىلاش- تۇرىدىغان قالاق ... ياخشى، ئاشۇ قالاقمۇ قويلارنىڭ

يېمىنى ئارىلاشتۇرىدىغان ۋەيەمنى ئالىدىغان ئەسۋاب بولۇشقا تازىمۇ باب ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ ئەسۋابنىمۇ تاپتىم، راست، بۇمۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسۋابىم بولۇپ قالدى!

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ قولۇم ھېلىقىدەك ئاۋارىچىلىقلاردىن خالى بولۇپ قالدى. يېرىقلارمۇ ئوڭشالدى.

— قولىڭىز ئوڭشىلىپ قالدى ياخشى، — دېدى خوتۇنۇم.

— تەجرىبىسىزلىكتە ھەر نېمە بولىدىكەن، ئەمدى تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم. ئەسۋاب ئەپ بولسا، ئىش خوپ بولىدىكەن، خوتۇن، — دېدىم مەن خۇرسەن بولغان ھالدا.

## كىچىك «ئەپەندىم»

دوستۇم قوي بېقىش ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختىدى. ئۇنىڭ ھايا-جىنى سەل بېسىلدى. ئۇ بىرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— قوي ھەققىدىكى ئىشلار ھېكايە، چۆچەك، رومانلاردىكىدەك قىزىقارلىق ئەمەس. بەلكىم، كەپلە-

رىم زېرىكىشلىك تۇيۇلۇۋاتقاندۇ. شۇڭا ھازىر ئوغلۇم ھەققىدە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي:

بىر كۈنى، ئوغلۇم، يەسلىدە ئېمەلەرنى ئوينى-دىكەن - تاڭ. قولى مەينەت ھالدا ئۆيگە كىردى. ھەتتا ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىمۇ لايغا مىلەنگەنىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، مەن بۇنىڭغا كايىپ قالغىلى تاسلا قالدىم. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، يۈز - قولىنى يۇيۇپ قويماقچى بولدۇم. ئۇ جاھىللىق قىلىپ:

— ياق، يۇمايمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. مەن يول قويمىدىم:

— بالام، مەينەت يۈرسەڭ، خەخ زاڭلىق قىلىدۇ. مەينەت ئىكەن دەيدۇ. يۇيۇۋەتسەم، قارا، چىرايلىق بولىسەن، ئوبدان بالا دېگەن پاكىز، چىرايلىق، رەتلىك بولىدۇ. كېلە، مانا ھە ...

— قويمۇ يۈزىنى يۇمايدىكەنغۇ؟ — دېدى ئوغ-لۇم كۆتمىگەن يەردىن چىقىپ، — مەنمۇ يۇمايمەن.

مەن توپتەك تۇرۇپ قالدىم.

— قوي دېگەن پاكىز، ئۇ، ھەممشە يۇيىدۇ، — دېدىم مەن ئەتەي.

— قېنى، قېنى، مەن كۆرمىدىم!؟

— سەن كۆرمەستە يۇيىدۇ. ھەر كۈنى سەھەردە قۇرۇپ، سەن ئورنىڭدىن تۇرماستا يۇيۇپ بولىدۇ.

— ھازىر يۇمىدىغۇ، ئاپا؟

— ھازىر پاكىز كەن، يۇمايدۇ ...

— ياق، مەينەت. ئۇمۇ يۇسۇن، بولمىسا دۆت

بولۇپ قالدۇ.

— ئالدى بىلەن سەن يۈيۈپ بول، كىم بالدۇر يۇسا، شۇ باتۇر.

— مەن باتۇر. مەن يۈزۈمنى يۇسام، دۆت بولمايمەن، ھە، دادا.

— ھەئە.

— قوي دۆت بولىدۇ، ھە، دادا؟

مەن ئوغلۇمنىڭ قولىنى، يۈز - كۆزىنى يۇدۇم.

— سىلەر ئىككىڭلارغا قويلام بولسا بولىدۇ، ھە. قوي - قوي دەپلا ياشاۋاتقاندەك، — دېدى خوتۇنۇم.

— ئەمىسە جىم ئولتۇرساق بولامتى؟ ئىشخانىدا ھەممىشە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىكەن ئادەم. ئۆيگە كىرگەندە، يەنە ئولتۇرسا ياكى باشقا خىياللارغا بەنت بولسا، روھىي بېسىم ئادەمنى زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدىكەن. قوي بىلەن ھەپىلەششە، ئادەمنىڭ ھارغان، چارچىغان نېرۋىلىرىنىڭ «پەتى» ئۆلىدىكەن. ھارغىنلىق يوقىلىدىكەن، كۆڭلى ئېچىلىپ، يايراپ قالىدىكەن، ئوغلىمىزمۇ قويغا كۆنۈپ قالدى. ئىش قىلىپ، پايدىسىز تەرىپى ئاز ...

ئوغلۇم «قوي يۈزىنى يۇمىدى» دەپ قايتا - قايتا غەلۋە قىلدى. مەن قوينىڭ ھەركۈنى سەھەردە يۈزىنى يۇيدىغانلىقىنى تەكرار دەپ قويدۇم. ئەپسۇسكى، ئوغلۇم، قوينىڭ يۈزىنى يۇغىنىنى كۆرىمەن دەپ، ھەركۈنى سەھەردە قوپۇپلا قوينىڭ ئېغىلى تەرەپكە يۈگۈرەيدىغان بولۇۋالدى. بىراق، ئۇ، قوينىڭ يۈزىنى يۇغىنىنى زادىلا كۆرەلمىدى ...

ئوغلۇم، كۆرەلمىگەنلىكنى ئېيتىپ، مەن بىلەن قانچە قېتىم زوكۇنلاشتى. مەن «سەن ئورنىڭدىن سەھەردە تۇرمىغاچقا، قويلار يۇيۇپ بولىدى. ئەتە سەھەردە تۇرالىساڭ، كۆرىسەن،» دېدىم. ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىغانلىقتىن، ئوغلۇم ھەرقانچە سەھەردە ئورنىدىن تۇرسىمۇ، قوينىڭ يۈز - كۆز، قوللىرىنى يۇغىنىنى زادىلا كۆرەلمىدى.

ئوغلۇم، خىيال قىلىغانلىرىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان ياخشى ئادەت شەكىللەندى. سەھەر- دە ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمايدىغان، يۈز - قولىنى يۇسا يىغلايدىغان قىلىق تۈگىدى. بىز بولساق، قوينى ئانچە - مۇنچە يۇيۇپ، يۇيۇندۇرۇپ تۇرۇشتىن ئىبا- رەت رىغبەتكە ئېرىشتۇق - دە، قوينىڭ داۋاملىق پاكىزە بولۇشى ۋە تېز سەمرىشىگە يەنە بىر ئامال تاپتۇق.

## قوي قانداق يەملەردە تېز سەمرىيدۇ؟

— دادا، بىزنىڭ قوي قاچانلىقتا يوغان سەمرىي- دۇ؟— دەپ سورىدى ئوغلۇم مەندىن.

— پات ئارىدا سەمرىيدۇ، قانداق دەيسەن، بالام؟

— شۇنداق دېدىم شۇ. سەمرىسە نېمە بولىدۇ؟

— ياخشى بولىدۇ.
— ياخشى بولسا، نېمە بولىدۇ؟
— پىچاققا يارايدۇ.
— پىچاققا يارىسا نېمە بولىدۇ؟
— ئۆلىدۇ.
— ماڭا نېرى، ئۆلمەيدۇ. پىچاقتا پىچسا، ئەندىزە ئۆلىدۇ. قانداق دادام بۇلا؟
— ئۆلتۈرىدىغان قوينى پىچمايدۇ، بوغۇزلايدۇ. قوغۇن، تاۋۇزنى پىچىدۇ. ئۇقۇقتۇڭمۇ؟
— بوغۇزلايمىز، پىچمايمىز - ھە، دادا؟
— توغرا.
— قوي قانداق سەمرىيدۇ، دادا؟
مەن ئوغلۇمنىڭ ئارزۇسى بويىچە جاۋاب بەردىم-گۇ، قانائەت ھاسىل قىلدى. بىراق، زادى قوي قانداق سەمرىيدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ بىر مۇنچە ئامىللارغا باغلىق.
ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر قېتىم مەھەللىمىزگە ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىنگەن بىر پاخلاننى كۆرۈپ قاسساپتىن:
— قويغا نېمە بەرسە، مۇشۇنداق چىرايلىق سەمرىيدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدىغانىدىم. ئۇ:
— قوي بەك ئىسسىقجان، شۇڭا تەبىئەتتى سوغۇققا مايىل يەملەرنى تاللاپ بەرسە، قوي بەك ئاسان سەمە-رىيدۇ. قوناقنى كۆپ يېگەن قوي مۇشۇنداق سەمرىيە-دۇ. چۈنكى، قوناق ھەم سوغۇق، ھەم مۇتىدىل دېسەكمۇ بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

كېيىن بىلدىمكى، بۇنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار ئىكەن. بولۇپمۇ، يەمگە سالىغان قويلارنىڭ يەم-خەشەك ئېھتىياجىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن.

بوردايدىغان قويلار كۆپلەپ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە ۋە مول ئاقسىلغا موھتاج بولىدۇ. قوناق، قوناق ئۇنى، قوناق كېپىكى، بۇغداي كېپىكى، چىكىت، چىكىت پوستى، تۇرلۇك كۆنجۈرە، پۇرچاق قاتارلىقلاردا قويغا كېرەكلىك ئاقسىل، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە مول بولۇپ، بۇ يەملەرنىڭ تەننەرخى تۆۋەن، مەنبەسى مول، جايلاشتۇرۇش ئاسان. بۇنى بوردايدىغان قويلارغا بەرگەندە، سەمرىتىش مەقسىتىگە ئاسان يەتكىلى بولىدۇ؛ ئەگەر مۇشۇ خىل يەملەرنى بېرىشنى ئاساس، باشقا يەملەرنى قوشۇمچە قىلىپ، قوي بوردىسا، يەمگە سالغان قوي ساغلام بولۇپ، كېسەللىك ۋە قېرىلىق ئالامەتلىرى بولمىسا، بۇ خىل قوي يەمگە سېلىنغاندىن باشلاپ، 20 كۈندىن 30 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا سەمرىشكە باشلايدۇ، سەمرىشكە باشلىغانلىقى بىلىنەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلىنىدۇ؛ 45 كۈندە سەمرىيدۇ؛ 60—70 كۈندە رەسمىي سەمرىپ بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى سەمرىشى ئالاھىدە تېز بولىدۇ. لېكىن، 70 كۈندىن ئاشقاندا، ھەرقانچە باقسىمۇ، ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكىدەك تېز بولمايدۇ، بەلكى ئاستىلايدۇ. چۈنكى، قوي رەسمىي سەمرىپ ۋايىغا يەتكەندە، گۆشى بىلەن يېغى ئاساسەن تەكپۈكلىشىدۇ. بۇنداق قوينى يەنىمۇ سەمرىتىشكە توغرا

كەلگەندە، قوشۇلمىغان ئېغىرلىق مەلۇم نىسبەتتە تېزكىنلىنىپ قالىدۇ. بوردىلمىغان قويغا يەنە، يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئارپا، كۆك پۇرچاق، ئۇششاق شال توپىنى، يىرىك شال توپىنى قاتارلىقلارنىمۇ بەرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

مەن قويغا يەم بېرىش تەرتىپىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم: قويغا يەم بېرىشنى رەسمى باشلىغاندىن تارتىپ، 45 كۈن بولغىچە يەمنى ئەھۋالغا قاراپ، تەدرىجي كۆپەيتىپ، نورماللىقنى ساقلىغان ئاساستا بەردىم. 45 كۈندىن ئاشقاندا، قۇۋۋەتلىك يەملەرنى بەردىم. ئېشتەي ئاچىدىغان يەم، دورىلارنى بېرىشنى قوشۇمچە قىلدىم. شۇ ئارقىلىق قوينىڭ كۆپ يېيىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇم: ھەلەپ بەرگەندە ۋە چىگىت پوستى بەرگەن چاغدا كېپەك سېپىشنى قوناق ئۇنى سېپىشكە، ھەلەپتىكى سامان مىقدارى بىلەن چىگىت پوستىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، سەپكەن كېپەك بىلەن ئۇن مىقدارىنى كۆپەيتىشكە ئۆزگەرتتىم. شۇنىڭ بىلەن ھەر چاغدا، بېدە، سەۋزە قاتارلىقلارنى قوشۇمچە يەم ئورنىدا بەردىم. بۇ ئۇسۇل تېز سەمرىتىدىغان قويلار ئۈچۈن مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت باقىدىغان قويلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇزاق باقىدىغان قويلارغا بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، يەم تەننەرقى ئېشىپ كېتىدۇ - دە، قوي باقمىچىلىقىدىن زىيان كۆرۈلىدۇ. گەرچە قوي سەمرىگەندىن كېيىن، يەم - خەشەكنى ئاز يېسىمۇ، بىقىلمىغان ۋاقتى ئۇزارسا، شۇنىڭغا يارىشا،

يەم - خەشەك سەرپىياتىمۇ ئاشىدۇ. يۇقىرىقىدەك يەم بەرگەندە، چوقۇم يەنىلا قويلاردىكى يەم رېفلېكسىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. قىسقىسى، بورداشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بوغۇز %20—30 نى ئىگىلىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر 10 كۈندە %10 دىن ئاشۇرۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. كۈندىلىك يەم - خەشەكتە يىرىك ئوت - چۆپ %65—70 نى، بوغۇز %30—35 نى ئىگىلىسە مۇۋاپىق بولىدۇ. بورداشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە يىرىك ئوت - چۆپ نىسبىتى ئازايتىلىپ بوغۇزنىڭ مىقدارى تەدرىجىي كۆپەيتىلىدۇ.

## كۆنگەن ھەممىدىن يامان

نورمال كىشىلەر ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدۇ، سەمرىشنى ئازۇ قىلىدىغان كىشىلەر ھەر كۈنى بەش، ئالتە ۋاخ تاماق يېيىشىمۇ مۇمكىن، ئايرىم كېسەللىك تۈپەيلىدىنمۇ ئايرىم كىشىلەر ھەر كۈنى بىرقانچە قېتىملاپ تاماق يېيىشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇلاردا تەدرىجىي شەكىللەنگەن بىر خىل غىزالىنىش ئادىتى — رېفلېكس پەيدا بولىدۇ. بۇنداق رېفلېكس ھەر قېتىملىق تاماق ۋاقتىنى بەلگىلەپ، قورساقنى ئاچۇرىدۇ ياكى ئاشۇ ۋاقىت كەلگەندە، شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى تاماق تارتىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يېگەن تاماق ئادەمگە ھەم لەززەتلىك، ھەم

تەملىك تۇيۇلىدۇ، تەنگە سىڭىدۇ. بۇ خىل رېپلىكىس بۇزۇلىدىكەن ئىش پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى، قالايمىقان يېگەن تاماق ئاشقازاننى غىدىقلاپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، قويغا قالايمىقان يەم بېرىشمۇ قوي ئورگانىزمىدا ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا بورداقتا سالغان قوي-لاردا يەم رېفلېكىسى ھاسىل قىلىش بەكمۇ زۆرۈر.

بورداقتا سېلىشقا ئاساسەن، يېزىلاردا بېقىلغان. ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن يەم - خەشەكلەرنى يېگەن ئورۇق قويلارنى ئالىمىز. بۇنداق قويلارنى يەمگە سالغاندا، مەلۇم بىر مۇددەتتا ئاساسەن نىشانلىق يەم بېرىش كېرەك. دەسلەپتە ئاز - ئازدىن، قارارلىق بېرىش كېرەك، بۇ دېگەنلىك. قانداقتۇر خالىغان بىر چاغدا يەم بېرىش دېگەنلىك ئەمەس، ھەر كۈنى ئۈچ-تۆت قېتىم، ھەر قېتىمدا بەرگەن يەمنى شۇ بىر قېتىمدا تولۇق يەپ بولغۇدەك، ئېغىر كەلمىگۇدەك بېرىش كېرەك. يەمگە سالغان قويلارغا ئۆز ئەركى بويىچە خالىغان يەمنى بېرىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا قانداق يەمنى بېرىشنى ھەم شۇ خىل يەمگە كۆندۈرۈشنى شارائىتقا قاراپ بەلگىلەش لازىم. ئەمما، بەزى قويلار مۇھىتقا، يەم - خەشەككە كۆنگىلى ئۇنىماي ياتسىرايدۇ. كونا ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا زورلاش، بېسىم قىلىش ئارقىلىق، يېڭى مۇھىت، يېڭى شارائىتقا كۆندۈرۈش كېرەك. بىرقانچە كۈن يەم

يېمىسىمۇ بارا - بارا يەمگە كۆنۈپ كېتىدۇ. شۇ ئارقىلىق يەنە بىر خىل يەم يېيىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بەزىدە يەمگە سالغان، سەمرىتىپ ئەت ئالغان قويلارنىمۇ، قايتا يەمگە سېلىشقا توغرا كېلىپمۇ قالىدۇ. بۇنداق قويلارغا نىسبەتەن ئادەت ئۆزگەرتىشنى بىراقلا قوللىنىشقا بولمايدۇ. بەلكى، كونا ئادىتى بويىچە ئايرىم يەم بېرىشنى قوللىنىش بىلەن بىر چاغدا، يېڭىچە يەم بېرىشنى ئارىلاپ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق كونا ئادەتنى يېڭى ئادەتكە ئاستا - ئاستا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئادەتنى تېز ئۆزگەرتىش تۈپەيلىدىن قويدا يۈز بېرىدىغان ئۇزۇكچىلىكنى، چېكىنىشنى توسۇپ قالغىلى ھەمدە بەزى بىر كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل يەنە قويلارنى قانچىلىك ۋاقىت بېقىش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇزاق باقسا، يەم شارائىتىنى، قويلاردىكى يەم يېيىش ئادىتىنىمۇ تەدرىجىي ئۆزگەرتسە بولىدۇ. لېكىن، تېز سەمرىتىدىغان، تېز قولدىن چىقىرىدىغان قويلارغا بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىش ئارقىلىق قويلاردا يەم يەيدىغان ۋاقىتنى ئادەتكە — رېفلېكسقا ئايلاندۇرۇش لازىم. شۇ ئاساستا ھەر كۈنى شۇ ۋاقىتتا يەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئېگىز - پەس يەم بېرىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. يەمنى ئۆلچەملىك بېرىشنىمۇ ئادەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئەگەر يەمنى ئۆلچەمدىن

ئاشۇرۇپ بېرىشكە توغرا كەلسە، چوقۇم ئۆلچەملىك يەمنى يەپ بولغاندىن كېيىن، يەپ بولغان يەمگە ئۆلگۈرتۈپ، ئارقىدىنلا ئۇلاشتۇرۇپ يەنە بېرىپ، (شۇ بىر قېتىمدا يەپ بولالمىغۇدەك) يەمنى كۆپەيتىپ بېرىشكە شارائىت يارىتىش كېرەك. بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىسا، بىرلا قېتىمدا بىر نۆۋەتسىمۇ بولىدۇ. بولغاندا بۇنى ئۆلچەملىك يەمگە كۆپەيتىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىشلەپ بارسا، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەردە ئۇلاشتۇرۇپ بەرگەن يەمنىمۇ يەپ بولسا ھەممە قويلاردا يەنە يەم تەلەپى بارلىقى سېزىلسە، قويلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا قاراپ، يەنە ئۇلاش-تۇرۇپ يەم بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك، ھەرگىز ھازىر بەردىم، ھېلى بىرەرمەن دەپ سەل قاراشقا، كېيىن بېرىپ، يەم رېفلېكسىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بەزىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيە-لىدىن قويلاردا يەم خۇمارلىقى كۈچلۈك بولۇپ قال-دىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئەھۋال ھەمىشە كۆرۈلۈشى ناتايىن. شۇڭا ئۇلاشتۇرۇپ يەم بېرىش ئۇسۇلىنى داۋاملىق قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ.

شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇكى، قوي-لاردىمۇ ھەرخىل يەم - خەشەك ئادىتى، خۇمارلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بازاردىن سېتىۋالىدىغان قويلار-نىڭ ھەممىسىگە بىر يايلاق، بىر ئۆيدە بېقىلغانىنى تاللاپ سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق ئىمكەن، باشقا بىر يايلاق، باشقا بىر ئۆيدە بېقىلغان قويلار-

نىڭ ئۇزۇقلاندۇرۇلۇشى ھەر خىل بولىدۇ. بەزى ئۆيلەردە ساماق بېرىلىشى، بەزى ئۆيلەردە شاخ ـ شۇمبا، ئوت ـ چۆپ، بوغۇز بېرىلىشى مۇمكىن، بۇ ئاشۇ قويلاردا ئاشۇنداق يەملەرنى يېيىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا بۇ خىل قويلارنى باققاندا، شارائىت بولسا، بىر خىل يەمگە ئادەتلەنگەن قوي بىلەن يەنە بىر خىل يەمگە ئادەتلەنگەن قوينى ئايرىپ، ئادەتلەنگەن يەمنى بېرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم باقسا ئۇنۇمنى تېزلا كۆرگىلى بولىدۇ (بۇنىڭدا يەنە، ئورۇق بىلەن سېمىزنى، چوڭ بىلەن كىچىكنى ئايرىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ). ئايرىشقا شارائىت يوق، كۆپرەك بولغان بىر خىل يەمنى ئاساس قىلىپ بېقىشقا توغرا كەلسە، قويلارنى شۇ خىل يەمگە كۆندۈرۈش كېرەك.

## ئاق شېكەردەك «ئاق شېكەر»

قوچقارلارغا كەچلىك يەمنى بەرىدىم ـ دە، غىپپىدە كوچىغا چىقتىم. بىر بولاق پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇز ئالغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كىردىم. ئوغلۇم ئوقۇر ئالدىدا قوچقارلارنىڭ بوغۇز يېيىشىگە قاراپ تۇرغان ئىكەن.

— نېمە ئەكەلدىڭ، دادا؟ — دەپ سورىدى ئۇ قولۇمدىكى تۇزنى كۆرۈپ.

— تۇز ئەكىردىم.

— تۇزنى نېمە قىلىسەن، دادا؟

— قويلارغا بېرىمەن.

— ماڭا نېرى، تۇزنى ئاشقا سالىمىز. قويغا بەرمەيمىز. ئانا مىغا دەپ قويىمەن بىكار...

— تۇزنى ئاشقىمۇ سالىمىز، قويغىمۇ بېرىمىز، بالام، — دېدىم مەن، — ئۆيدىكى تۇز مارالبېشىنىڭ ئاشقا سالىدىغان ناۋات تۇزى، ماۋۇ قويغا بېرىدىغان شېكەر تۇز، ئۇقتۇڭما؟

مەن ئوغلۇمنىڭ ئۇششاق گېپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تۇزنى يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل تەرىپلەپ كۆرسەتتىم. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەن مارالبېشىنىڭ ئاق قاتتىق ناۋات تۇزىنى ئىككى خىل ئۇسۇلدا قويلارغا بەرگەن. ئۇنىڭ بىرى، ناۋات تۇزدىن قوينىڭ ئوقۇرىغا بىرەر كاللەك تاشلاپ قويدۇم. بۇنداق قىلغاندا، قويلار قاچان تۇزغا ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ چاغدا يېيەلەيدۇ. ئەمما، ئايرىم سەۋەبلەردىن، بەزىدە قويلار تۇزنى كۆپ يالىۋېلىپ، تۇزدىن زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ يەنە بىرى، ناۋات تۇزنى چېلاپ تەمىنى چىقىرىپ، ئىچىدىغان سۇيىگە، يەيدىغان يېمىگە سېپىپ بەردىم. بۇ بىر خىل ئاۋارىچىلىقى كۆپ ئۇسۇل بولۇپلا قالماي، تەڭشەپ بېرىش قىيىن بولۇشىدەك يېتەرسىزلىكى بار ئىدى. شۇڭا كۆپ ھاللاردا خوتۇن-خەخ بىلەن تۇز تالىشىشتەك ئەھۋاللار سادىر بولۇشى تۇرغانلا گەپ. بۇ بىر خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مەن پىششىقلاپ ئىشلىگەن تۇزنىڭ يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالغانىدىم.

ئوغلۇم مېنىڭ بايىقى گېپىمگە ھەرھالدا قايىل بولدى. مەن قويلار يەۋاتقان يەمگە قولۇمدىكى تۇزدىن سېپىشكە باشلىدىم.

— دادا، قويغا ئاق شېكەر بېرەمسەن؟— دېدى ئوغلۇم كۈتمىگەن يەردىن.

— ياق، تۇز بەردىم. بالام،— دېدىم مەن.

— ماڭە نېرى. شېكەر بېرىدىكەنسە نىغۇ؟... ماڭمۇ بەرسەڭ يەيتتىم.

ئوغلۇم قويغا بەرگىنىمنىڭ تۇز ئىكەنلىكىگە زادىلا قايىل بولمىدى. مەن ئاخىرى تۇزنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ:

— يەيمەن، يەيمەنغۇ ئەمىسە،— دەپ بىر چىمدىم تۇزنى ئاغزىغا سالدى ۋە قاتتىق سەسكەندى، ۋايسىدى، مەن كۈلۈپ تاشلىدىم.

— تەرسا، جاھىللىقىڭغا توي،— دېدىم تەنە قىلىپ. ئۇ، بولۇشىغا يىغلىدى. كېيىن ئۇنى ئاران دېگەندە يىغىدىن توختاتتىم.

— ئاق شېكەر تۇزنى قوي يەيدۇ-ھە، دادا؟— دېدى ئۇ ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن،— ئادەم يېسە بولمايدۇ-ھە؟!

— ھەئە.

— قويغا بېرەمسەن - بەرمەمسەن، دادا؟

— بېرىمەن.

— بەرمىسەڭ بولمامدۇ، دادا؟

— بەرمىسەم بولمايدۇ.

— قېنى، يەنە بېرىپ باقە!

— ھازىر بەرمەيمىز، كېيىن بېرىمىز. چۈنكى كۆپ بېرىپ قويساق بولمايدۇ، ئاز-ئازدىن سۇۋاپ بەرسەك بولىدۇ، — دېدىم مەن ئوغلۇمغا چۈشەندۈرۈپ، — بىز ھەر كۈنى تۇز قويۇلغان ئاشنى ئىچىمىز، تۇز قويۇلغان يېمەكلىكلەرنى يەيمىز. ئەگەر ئاشۇ يېمەكلىكلەر تۇزسىز بولۇپ قالسا، بىزگە تېتىمايدۇ، تۇزسىز تائام ياخشى ھەزىم بولمايدۇ، ئادەم بەدىنىنىڭ تۇزغا بولغان ئېھتىياجى قانماي قالىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، تۇز قويلار ئۈچۈنمۇ كەم بولسا بولمايدىغان، ئېھتىياجلىق ماددا. ھايۋاناتلارنىڭ تۇزغا بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈك بولىدۇ. ماددا ئالمىشىشنى كۈچەيتىپ، ئاشقازاننى جانلاندۇرىدۇ ۋە ئاشقازاننى چوڭايتىپ، سەمرىشنى تېزلىتىدۇ. ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ. بۇنداق قويلارنىڭ گۆشىنىڭ تەمى ياخشى، سۈپەتلىك، ساغلام بولىدۇ. چۈنكى، تۇز قوينىڭ بەدىنىدىكى باشقا كېسەللىكلەرنىڭمۇ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوغلۇم ئاغزىمغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. مەنمۇ جىمىپ قالدىم.

— قالغىنىنى دېمەمسەن؟ — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن.

— دەيمەن، مەلۇمكى، تۇزنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسى بار. بورداققا سالىدىغان قويلار چوقۇم ئورۇق ياكى ئوتتۇراھال ئورۇق بولىدۇ. بۇنداق

قويلارنىڭ كۆپ ھاللاردا ئاشقازىنى، ئۈچەيى كىچىك،
قورۇلۇپ قالغان، كۆزى ئاچ بولىدۇ. بۇنداق قويلار-
نى بورداقىغا سالغان كۈندىن باشلاپ، ھەر بىر تۇ-
ياق قويىنىڭ يېمىگە ئۈچ كۈن 15 — 30 گرامغىچە تۇز
ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ بېقىش كېرەك. تۇزنى بەرگەندە،
بورداقىغا سېلىپ 20 كۈنگىچە ھەر كۈنى ئاز- ئازدىن
كۆپەيتىپ بېرىشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرسا،
قويىنىڭ ئۈچەيى، ئاشقازىنى كەڭرىيدۇ، تېرسى، بەدە-
نى بوشايدۇ. بۇنداق بولغاندا، قويىنىڭ يەم كۆتۈرۈش-
چانلىقى ئاشىدۇ- دە، يەمنى قانچىكى كۆپ بەرسىمۇ
ئېغىر كەلمەيدىغان بولىدۇ. داۋاملىق تۇز قوشۇپ
بېرىشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇز قويلارنى
تېز ئۇسسۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، قوي سۇنى كۆپ
ئىچىدۇ- دە، ئىشتىيى ئېچىلىپ، يەمنى كۆپ يەيدۇ،
تۇز كىسسلاتاسى ھايۋاناتلار يېگەن يەمنى پارچىلاپ
ھەزىم قىلىشنى تېزلىتىدۇ؛ يۇڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇر-
دۇ، ئۈستىخىنىنى چوڭايتىدۇ. تۇزنى يەمگە ئارىلاش-
تۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرچاغدا، ئىچىدىغان سۇيىگە
ئارىلاشتۇرۇپ بەرسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. چۈنكى،
بورداقىلىدىغان قويلارغا دائىم سۇ بېرىپ تۇرۇشقا توغرا
كېلىدۇ. قويلارغا تۇز بېرىپ تۇرۇش بىلەن بىرچاغدا،
سۇ بېرىشنى دائىملاشتۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ، قىش
كۈنلىرى بورداقىغان قويلارغا ئۈزمەي سۇ بېرىشكە
ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نېمىشقا دېگەندە،
قىش كۈنلىرى ھايۋاناتلارغا قۇرۇق ئوت- چۆپ،

يەم - خەشەك كۆپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە سۇ، تۇز ئاز بولىدۇ. ياز كۈنلىرى ھايۋاناتلار ھۆل ئوت-چۆپلەرنى كۆپ يەيدۇ، ھۆل ئوت - چۆپلەردە ئاز بولمىغان سۇ، تۇز بولىدۇ. ھايۋاناتلار ئۇنى يېگەندىن كېيىن، خېلى بىر قىسىم سۇ، تۇزغا بولغان ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا بىرقانچە كۈن سۇ ئىچمىسىمۇ، ھايۋاناتلار ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ئەمما، قىش كۈنلىرى ئۇنداق بولمايدۇ. ئەگەر قىش كۈنلىرى قوي قاتارلىق ھايۋاناتلار بىرقانچە كۈن ئۇسسۇز قالىدىكەن، ئاسانلا ئۆلۈپ قالىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، مەن قوينىڭ ئالدىدىن ئەتىگەندىن كەچكىچە، كەچتىن سەھەرگىچە سۇ ئۈزمەيمەن. كۆپ ھاللاردا سۇنى ئىللىمان قىلىپ، مەلۇم مىقداردا تۇز قوشۇپ بېرىمەن. چۈنكى، تۇز قوشۇلغان سۇ لەززەتلىك بولىدۇ - دە

## ئاچ قالغان قوي ئۆز يېغىنى يەيدۇ

مەن قويلارغا يەم بېرىش ۋاقتىغا تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىمەن ھەم ئاچ قويۇشنى زادىلا خالىمايمەن. خۇددى خوتۇنۇم دېگەندەك، مەن باشقا ئىشلاردىنمۇ بەك، قويلارغا بەكلا كۆيۈنىمەن. بولۇپمۇ، ھەر قانداق ئەھۋالدا قويلارنى ئاچ قويمايمەن، يەم بېرىش ۋاقتىنى زادىلا ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن. كۈنلارنىڭ ئېتىشىغا قارىغاندا، قويلارنى ئاچ قويۇش -

يېغىنى سىزدۇرۇۋېتىدىكەن. مەن قوي بېقىش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق، بۇ قاراشنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئالايلۇق، ئادەم بىرەر قېتىم تاماق يېيەلمەي ئاچ قالسا، بەدىنىدە ئاجىزلىق، ھارغىنلىق، روھى چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. كېيىنكى تاماققا كۆڭلى تارتماس بولۇپ قالىدۇ، ئىشتىيى تۇتۇلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قويلاردىكى ئاچ قېلىش ھادىسىمۇ ئەنە شۇنداق ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنىمۇ خەتەرلىك يېرى شۇكى، قوي كۆشىگۈچى ھايۋان بولغاچقا، كۆشەش ئارقىلىق، نۇرغۇن ئېنېرگىيىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ قويلارنىڭ بەدىنىدە ئورۇقلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

— بۇ تازا ئاساسى يوق گەپ بولدىمۇ- نېمە؟— دېدى خوتۇنۇم بىر قېتىملىق مۇشۇ ھەقتىكى پاراڭدا،— قوي دېگەن يېگەن ئوزۇقلۇقنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن كۆشەيدۇ. كۆشەش ھايۋاناتلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. كۆشىگەنگە ئورۇقلاپ كەتمەيدۇ.

— ئادەتتىكىدەك توق چاغدا شۇنداق بولىدۇ. لېكىن، ئاچ قالغاندا بىكارلا كۆشەيدۇ، بۇ چوقۇم ئورۇقلاشقا سەۋەب بولىدۇ.

— ياق - ياق، ئاچ قالغان قوي نەدە كۆشەيدۇ؟ قورسىقى تويسا كۆشەيدۇ قوي دېگەن؟

— ھەببەلى، گەپ مانا مۇشۇ يەردە. ھايۋاناتلار مەيلى تويسۇن، مەيلى ئاچ قالسۇن، ئوخشاشلا كۆشەيدۇ. تېخى ئاچ قالغاندا بەك كۆشەيدۇ.

— توۋا دەگە! ئاچ قالسا كۆشمەيدىغاندۇ؛ مەن كۆشمەيدۇ، دەيمەن تېخى!

— ئىشەنمىسەڭ، بىر كۈن قاراپ باق ياكى سىناپ كۆر. بەزىدە تېخى قوينىڭ قورسىقى بەك تويۇپ كەتسە كۆشمەيدۇ: مەسىلەن، يەمنى كۆپ يەپ قورسىقى ئېشىپ قالغان قويلار زادىلا كۆشىگىلى ئۇنىمايدۇ، شۇڭا كۆشتىمەن دەپ كۆشەتكۈ سالىمىز ئەمەسمۇ؟

— شۇنداقما، توۋا، مەن قوي قانچىكى تويسا، شۇنچە بەك كۆشەيدۇ، دەيمەن تېخى.

— مەسىلەن، سەن ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان بىر مىسالنى دەي، كىچىك بالىغا سۈت بەرگەندە، ئالدى بىلەن ئالدىرىماي ئىچىدۇ، ئېمىزىكىدىكى سۈت تۈگىسە، بالا ناھايىتى ئالدىراش كۈچەپ شورايدۇ، ھەتتا، بەك كۈچەپ شوراپ تەرلەيدۇ، بۇرمۇنچە ماغزاپ — شۆلگە بىلەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىدۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاچ قالغان قويلارمۇ بەك كۆشەپ، ئۆزىنىڭ يېغىنى سەرپ قىلىپ، ئاچلىق ھالىتىنى كونترول قىلىدۇ، شۇڭا بورداقىقا باققان قويلارنى ھەرگىز ئاچ قويۇشقا بولمايدۇ.

## قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى گۆشنى لاۋزا قىلىپ قويامدۇ؟

مەن قويدىن بىرنى ھويلىغا چىقىرىپ، چاقىر-

قىمغا قىستۇرۇپ، قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى بېرىشكە باشلىدىم. سىرتتىن كىرگەن ئوغلۇم:

— دادا، قويغا نېمە بېرىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى، ئالبىنزا زول دېگەن قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى بېرىۋاتىمەن.

— مۇشۇ قويۇم قۇرت يەپتىمۇ، دادا؟

— ياق. قوينىڭ ئىچكى ئورگانىزمىدا پارازىت قۇرت بولىدۇ. شۇنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن دورا بېرىۋاتىمەن.

— ماڭىمۇ بېرەمسەن، دورىدىن دادا؟

— قانداق قىلىسەن؟

— يەيمەن شۇ.

— بۇ دورىنى سەن يېسەڭ بولمايدۇ. چۈنكى، ھايۋانات يەيدىغان دورىنى ئادەم يېسە بولمايدۇ. ئادەمگە بېرىش توغرا كەلسە، قويغا بىر قېتىمدا بەرگەن دورىنىڭ $\frac{1}{6}$ ياكى $\frac{1}{8}$ قىسمىنى چوڭ ئادەملەرگە بەرسە بولىدۇ. سەن كۆتۈرەلمەيسەن.

— ئەمىسە قوينى كۆلتۈرۈپ يەيمىزغۇ؟

— ئۇ باشقا گەپ، بۇ باشقا گەپ، — دېدىم مەن كۈلۈپ كېتىپ.

مەن ئەينى چاغلاردا، باشقىلاردىن قوينى سەمىرىتىدىغان قۇۋۋەت دورىسى بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن بۇ گەپتىن سەل ئىككىلىنىۋاتقانىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، بەلكىم پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان

بۇگۈنكى كۈندە شۇنداق بىر خىل دورا ئىشلەپچىقى-
رىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن دېگەن يەرگىمۇ كېلىپ قال-
غانىدىم. بىر سورۇندا بىرسىدىن بۇ ھەقتە سور-
سام، قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسىنى دېسە كېرەك، دې-
دى. مەن يېقىندىن قۇرۇلغان يەم - خەشەك زاۋۇتىنىڭ
گېزىتكە بەرگەن ئېلانىنى كۆردۈم ۋە شۇ يەردىكى كى-
شىلەردىن بۇ ھەقتە سورىغان بولسامۇ، ئېنىق جاۋاب
ئالالمىدىم، چارۋا - مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىكى بىر
تونۇشۇمدىن بۇ ھەقتە ئىنچىكىلەپ سورىدىم.

— خەخ چۈشەنمىسە كېرەك. ياكى خاتا ئاڭلى-
ۋالغان، يەم - خەشەك ئىشلەش زاۋۇتىدا شۇنداق
بىر خىل يەم بار ئىكەن. لېكىن، ھەر نەرسىنىڭ ئەك-
سىچە تەرىپى بولىدىغىنىدەك، يەم - خەشەك زاۋۇتىدا
ئىشلىنگەن يەملەرنىڭ تەركىبى ھەر خىل دورا - دەر-
مەكلەر بىلەن تەڭشەپ تەييارلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ-
دا چارۋىلارغا كېتەرلىك ئاقسىللار، تۇزلۇق ماددا، ئېلې-
مېنتلار تولۇق بولسىمۇ، قويلار دەسلەپتە يېگىلى ئۇنى-
مايدىكەن. لېكىن، بارا - بارا يەپ كۆنىدىكەن، ئار-
تۇقچىلىقى تېزلا سەمرىيدىكەن. بىراق، گۆشى سەل
تەمسىز بولىدىكەن. بىزدە بىر خىل قۇرتسىزلاندۇرى-
دىغان تابلېت دورا بار. ھەر قانداق بورداقچا سال-
دىغان قويلارنى ئالدى بىلەن ئاشۇ دورا بىلەن قۇرت-
سىزلاندۇرۇپ، بورداسا ئۇنۇمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىدىن قايىل بولدۇم، دورى-
مۇ سېتىۋالدىم.

ماناھازىر مەن شۇ دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشى، ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ مەسلىھەت بېرىشىگە ئاساسلىنىپ، قويلىرىمىنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ، قۇرتسىزلاندۇرۇش تابلېتىنى بىرلا قېتىمدا تۆت - بەش تالدىن بېرىشكە باشلىدىم. ئۇنى قويلارغا يېگۈزمەكمۇ مۈشكۈل بىر ئىش بولدى: قويلارنى ئايرىم - ئايرىم ئېغىلدىن چىقىرىپ، ئاغزىنى ئۇستۇن قىلىپ تۇرۇپ، دورىنى ئاغزىغا مەجبۇرىي سېلىپ، كومشىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى دورىنى يۇتقانغا قەدەر كومشىرىنى تۇتۇپ تۇردۇم. بۇنىڭ ئۇنۇمى ئالاھىدە ياخشى بولدى.

— دورىنى قوناق ياكى كېپەك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەرسىڭىز يېمەمدىكەن؟ — دېدى خوتۇنۇم شىمىمنىڭ مەينەت بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى خالىمىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك.

— ياق، ھەتتا باشقىسىنى يەپ دورىنى ئايرىپ قويىدىكەن، — دېدىم مەن. — يەمگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرەي دېسەم، ھەممىسى دورىنى تەڭ يېيەلمەي، بىرسى كۆپ، بىرسى ئاز يەيدىكەن، بەزىدە بىر نەچچىسى يەپ، بىر نەچچىسى پەقەت يېيەلمەيدىكەن.

— بۇ دورىنى ھەمىشە بېرەمسىز؟ ياكى بىرلا قېتىم بەرسىڭىز بولامدۇ؟

—ئەھۋالغا قارايمەن، قويلارنىڭ بەدىنىدە قۇرت بارلىقىنى سەزسەم، قوينىڭ ئەھۋالى، دورا ئەھۋالى ۋە قوينىڭ تەن ئېغىرلىقىغا قاراپ، 40 كىلو گرام ئېغىرلىقتىكى قويغا بىرلا قېتىمدا تۆت،

بەش تال بېرىمەن. لېكىن، ھەدېسە بېرىۋېرىشكە بول-
مايدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازدا بىر قېتىم بەرسە بولىدۇ.
چۈنكى بۇ چاغدا پارازىت قۇرتلار تۇخۇم سىلىشقا تەي-
يارلانغان بولۇپ كۆپىيىپ بولغۇچە چوڭ قۇرتلار
ئۆلىدۇ.

— دورىنى ئاز - كۆپ بېرىشنى قانداق بىلىسىز؟
بەرمەيدىغان چاغدا بېرىپ قالسىڭىزچۇ؟ — دېدى خو-
تۇنۇم كوچىلاپ.

— دورىنى ئاز - كۆپ بېرىشنى بىلىش ئاسان،
بۇنىڭدا قوينىڭ ئەھۋالىغا شۇنداق قارايمىز، كۆزىت-
ىمىز. مەسىلەن، قوينىڭ بۇرنىدا ماڭقا بارمۇ - يوق؟
كۆزدە چاپاق بارمۇ - يوق؟ مايىقىدا قۇرتىمان.
غەيرىي نەرسىلەر بارمۇ - يوق؟ ... بىغىر قۇرتى بول-
سا قوينىڭ ئېڭەك ئاستى ئېشىپ پوخاقتەك بولۇپ
قالىدۇ. بۇلارغا ھەر كۈنى سەپ سالىمىز، دىققەت قى-
لىمىز، بۇ ئالامەتلەر كۆرۈلسە، يەنى بىرەرسى كۆ-
رۈلسىمۇ، كۆرۈلگەن ئالامەتلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ
چوڭ - كىچىكلىكى، ئېغىر - يەڭگىللىكىگە قاراپ دو-
رىنى مۇۋاپىق بېرىمىز. بۇنىڭدىن باشقا، قويلارغا
بەرگەن يەم - خەشەكنىڭ ئەھۋالىغىمۇ قارايمىز.
چۈنكى، بەزى يەم - خەشەكلەر، بولۇپمۇ قۇرۇق
ئوت - چۆپلەردە قۇرت ۋە ھەر خىل مىكروبلار بولىدۇ.
شۇنىڭغا ئاساسەن، ئەھۋالغا قاراپ قۇرتسىزلاندۇرۇش
دورىسىنى بەرسە بولىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇ-
كى، دورىنى بىلمەي بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ چا-

قاق چىقىشى ناتايىن.

— دورا بەرمىسىمۇ بولىدىكەنغۇ؟

— قانداق دەيسەن؟

— ئوت - خەستە قۇرت بولسا، ئۇنى مال يېسە، يەنە قۇرت پەيدا بولسا. يەنە يېسە، يەنە پەيدا بولسا، ئۇنى دورا بىلەن چۇشۇرسە، يەنە ئوت - چۆپ يېسە، يەنە پەيدا بولسا... دورا بەرگەننىڭ ئەھمىيىتى بولمايدىكەن...

— قىزىقكەنسەن؟ پايدىسى بولمىسا، بىكاردىن بىكار دورا بېرىپ، چىقىمنى كۆپەيتىدىغان ئەخمەقمۇ مەن؟ دورىنى بەرگەندىن كېيىن چوقۇم پايدىسى بولىدۇ. دورا ھەم قۇرتنى يوقىتىدۇ، ھەم قۇرت بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چۈنكى، دورىنىڭ تەسىرى قوينىڭ بەدىنىدە ئۇزاق بىر مەزگىل ساقلىنىپ تۇرىدۇ...

— دورا بەرگەن قوينىڭ گۆشى لاۋزا بولمامدۇ. ئۆزىڭىز ئۆلتۈرۈپ يەيدىغان قويغا دورىنى ئازراق بېرەمسىز؟ — دېدى خوتۇنۇم.

— دورا بەرگەن قويىنىڭ گۆشى لاۋزا بولىدۇ دېگەن گەپنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق. ئايرىم كېسەللىك تۈپەيلىدىن داۋالاپ، دورىسىمۇ كار قىلمىغان، كۆپ دورا بېرىلگەن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمىگەن، مەسىلەن: كامفورا، كرالىيە، لزول دېگەن دورىلار بېرىلگەن قويلار بىرەر كۈن ئىچىدە ئۆلتۈرۈلسە مۇنداق قويلارنىڭ گۆشى لاۋزا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قانداقتۇر، قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى بەرگەن قويلار-

نىڭ گۆشى تاتلىق بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز لاۋزا بولمايدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ھەر قانداق قوينىڭ بەدىنىدە قۇرت بولىدۇ، قۇرت بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، قوينىڭ يېگىنى ئۈتىگە چىقمايدۇ، قۇۋۋەتنى قۇرتلار سۈمۈرۈپ كېتىدۇ، ھەتتا قويلارنىڭ ئىشتىيىنى تۇتۇپ قويىدۇ. بۇنداق قويلار ئاسان سەمرىيەلمەيدۇ. سەمرىگەندىمۇ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇرتسىزلاندۇرۇش دورىسى ئارقىلىق قويلارنىڭ بەدىنىدىكى قۇرتلارنى ئادالىۋەتكەندە، قويلار ئاسان سەمرىيدۇ، ئاسان ئەت ئالىدۇ. بىرمۇنچە قۇرتنى تازىلىۋەتكەن گۆش پاكىز، تاتلىق بولماي، قانداقچىسىگە لاۋزا بولۇپ قالغۇدەك.

— قوينىڭ بۆرىكى تاتلىق، ھە، دادا، ئۇنى ماڭا بېرىسەن، جۇما؟ — دېدى ئوغلۇم.

— ماقۇل.

## ھايۋان تۇيۇقىدىن سەمرىيدۇ

— ئۆيىڭىزدە قوي بېقىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

— بىكار تۇرغىچە بېقىپ قويدۇم.

— قانچىنى؟

— ئېغىل كىچىك، ئۈچ، تۆتى بار.

— ۋاھ، ياخشى گەپقۇ بۇ؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا، بىز ھورۇن ئىكەنمىز. ئاش سۈيىنى بېرىدىغان

مال - چارۋا بولمىغاچقا، بىكاردىنلا تۆكۈۋېتىمىز، ئېلىپ قويۇپ سىزگە ئەكىرىپ بېرەيلى.

— ئېغىر كۆرمىسەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار بەكمۇ ئوبدان بولاتتى.

قوشنىلار ۋە ئىدارىنىڭ ئاشپىزى بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلاشتۇق، كېلىشتۇق. ئاش سۈيىدە نۇرغۇن قۇۋۋەت بار. ئۇنى قويغا بەرسە، تېز سەمىرىشكە پايدىسى تېگىدۇ. ئۇنىڭدا قويلارغا ئاداپ چېلىپ بەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ ... مەن شۇنداق قىلدىم. ئەلۋەتتە، دەسلەپتە قويلار بۇنىڭغا تازا كۆنەلمەي، چېلىپ بەرگەن ئاداپنى ئىچكىسى كەلمىدى. كېيىن، كېپەكنى كۆپ سېلىپ بېرىش بىلەن ئاداپنى ئىچىشكە زورلاپ، بارا - بارا كۆندۈرۈۋالدىم. ئەپسۇسكى، كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدىكەن. نېمىشقا دېگەندە، ئاش سۈيىنى كۆپ ئىچسە، شارقىرتىپ سىيىدىكەن، ئېغىل ئاستى چىلە بولۇپ كېتىدىكەن. قوي چىلدە تۇرسا پايدىسىز. كونىلاردا «ھايۋان تۇياقتىن، ئادەم قۇلاقتىن سەمىرىيدۇ» دېگەن گەپ بار. قوي تۇيىقى چىلدە تۇرسا، رىماتىزىم بولۇشى، ھەر قايسى ئەزالارغا سوغۇق تېگىشى، بەدەندىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە كۆپلەپ سىرتقا چىقىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېغىل ئاستى سەللا سوغۇققا يولۇقسا، مۇزلاپ قالىدۇ. بۇ قويلار ئۈچۈن بەكمۇ پايدىسىز.

— ئەمىسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئاش سۈيى، يۇندا-چاقاندىلارنى تۆكۈۋېتەمدىم؟ — دەپ سوراپ قالدى خوتۇنۇم.

— ياق، ئەھۋالغا قارايلى. ئاش سۈيىمنى قويلارنىڭ سۈيى ئورنىدا مۇۋاپىق بەرسەك بولىدۇ. قوشنىلارنىڭكىنى ئالمايلى، — دېدىم مەن.

## قىش كۈنلىرى قوي راستىنلا سەمرەمدۇ؟

قىش كىردى، مەن قويلارنىڭ سوغۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدىم. سوغۇقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، قويلاردا تىترەش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ھەتتا ئۇلار يازلىق ئوقۇرغا بېشىنى چىقىرىشتىن ئېھتىيات قىلدى. مەن تېخى قويلارنىڭ ئېغىل بۆلىكىنى ماكان قىلىشنى تاللىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. بۇنىڭدىن سوغۇقنىڭ قويلارغا تەسىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئاشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، بىزمۇ ئولتۇراق ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە تارتقان نېپىز پەردىنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا قېلىن پەردە تارتتۇق، ھەتتا سىرتقا يېپىلىغۇراق چىقماق ئۈچۈن پىششىپلا تۇرىدىغان بىر خىل ھاۋا ئېقىمى شەكىللىنىپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا قويلاردىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. شۇڭا مەن قويلارنى سوغۇقتىن ساقلاپ قېلىشقا دىققەت قىلماي تۇرالمىدىم:

ئېغىلنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىگە كىگىز مىخلىدىم ۋە قىشلىق ئوقۇرنى ئورناتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر

چاغدا، مەن قويلىرىمنىڭ تەن ئىسسىقلىقىغا توغرا كېلىدىغان (سېمىزلىكى پەرقلەنمەيدىغان) قويدىن يەنە بىرنى سېتىۋېلىپ، قوينى بەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىلدىكى زىچلىقىنى ئاشۇرۇپ، قويلارنىڭ ئىسسىق تۇرۇشىنى، ئېغىلنىڭ ئىسسىقلىق تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇردۇم.

مەن ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەخلاپ بولاي دېگەندە، ئوغلۇم بۇ ئىشقا بەكلا ھەيران قالدى:

— نېمىشقا چاپلىۋېتىسەن، دادا؟ — دېدى ئۇ.

— قويلارنى ئىسسىق تۇرسۇن دەپ.

— قاراڭغۇ بولۇپ قالسا، قوينىڭ كۆزى قانداق كۆرىدۇ؟ قاراڭغۇدا قوينىڭ قورقىسى كەلمەمدۇ؟

— قوينىڭ كۆزى قاراڭغۇدىمۇ ئوخشاش كۆرەۋېرىدۇ. قورقىسى كەلمەيدۇ.

— ماڭە نېرى، سەنمۇ كۆرەلمەيسەنغۇ قاراڭغۇدا؟

— مەن ئاز - تولا كۆرىمەن. لېكىن، بالام، ئادەم بىلەن قوينىڭ كۆرۈش پەرقى ئوخشىمايدۇ.

— ئوخشايدۇ. ئەمىسە، قويغا چىراغ يېقىپ بېرەيلى، ماقۇلمۇ؟

— قېنى؟

— ئىشىكنى ئەتمەي ئوچۇق قويساڭ، قوي قېچىپ كېتەمدۇ يا، دادا؟

— قېچىپ كەتمەيدۇ، لېكىن سوغۇقتا توڭۇپ كېتىدۇ.

— سەن يالغان دەۋاتىسەن، قوي توڭمايدۇ، قوينىڭ

جۇۋىسى بار. سەنمۇ جۇۋا كىيىسەن، توڭما يىسەڭغۇ دادا؟
بۇ سوئالنى كىچىك بالا قويۇۋاتقان بى-
لەن، دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان بىر مەسىلە ئوت-
تۇرىغا قويۇلدى. «قوينىڭ جۇۋىسى» — ئۆزىنىڭ
تەبىئىي بىر بەدەن ئەزاسى بولۇپ، ئۇ ھەم تۈرلۈك
تاشقى ھادىسىلەردىن قوغدىنىش، ھەم ئۆزىگە خاس
تاشقى جۇلاسىنى نامايەن قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.
لېكىن، ئۇنىڭ تاشقى ھادىسىلەرگە قارشى تۇرۇش
ئىقتىدارىمۇ مەلۇم چەككە ئىگە، شۇ چەككە يەتكەندە،
ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە رولىنى مەلۇم دەرىجىدە يوقىتى-
دۇ. سوغۇق قويغا نىسبەتەن تاشقى ھادىسە، شۇنداق
ئىكەن، سوغۇق چوقۇم مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە،
«قوينىڭ جۇۋىسى» نىڭ رولىنى مەلۇم دەرىجىدە
ئاجىزلاشتۇرىدۇ. قوي ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىگە بەكمۇ
موھتاج، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى تېخىمۇ شۇنداق.
خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش: مەسىلەن، بىرەر ئادەم
سوغۇقتىن توڭسا ياكى سوغۇقتا يېتىپ قالسا، گۈل-
دەك چىرايى بولسىمۇ، قان قالماي تاتىرىدۇ، تىنى
بىردىنلا ئاجىزلاپ كېتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر سوغۇقتا
توڭلاپ قالىدۇ، بەزىلەر كېسەل بولۇپ قالىدۇ، بەزى-
لەر ساقايماس كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇ نې-
مىدىن؟ ئادەتتە ئادەم بەدىنى ناھايىتى يۇقىرى ئىس-
سىقلىق ئېنېرگىيىگە موھتاج، ئادەمنىڭ سوغۇقتا مۇز-
لاپ قېلىشى، كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى سو-
غۇققا قارشى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىنىڭ بولمىغانلىقتىن

بولىدۇ ياكى شۇ بىر قېتىملىق سوغۇققا قارشى ئىس-
سىقلىق ئېنېرگىيىسىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن بولىدۇ، مۇ-
بادا سوغۇقتا قالغان ئادەم ئاشۇنداق چاغدا ئىسسىق
يەرگە كىرسە، مۇزلاپ قېلىشتىن، كېسەللىكتىن ساقلى-
نىپ قالىدۇ. تېخى ئاشۇنداق ئادەم ئىسسىق يەرنى
بەكمۇ خالايدۇ. ھايۋاناتلارمۇ شۇنداق: بەزى جاي-
لاردا ھايۋاناتلار قىشى - ياز تالادا تۇرىدۇ. لېكىن،
ئۇنداق ھايۋانلار ھەممىشە ئورۇقلۇقتىن قۇتۇلالمايدۇ.
بولۇپمۇ، قىش كۈنلىرى ھەممىشە سوغۇقتا تۇرىدىغان
بولسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بەزى رايونلاردا
چارۋىلارنىڭ ئەتىيادا كۆپ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ قىشتا
سوغۇقتىن ياخشى مۇداپىئە قىلالمىغانلىقىدا، كىشىلەر
قىش كۈنلىرى قوي سەمرىتمەك قىيىن دەيدۇ. بۇمۇ
ئاساسسىز ئەمەس. مۇبادا قويلارغا كېرەكلىك ئىسسىق-
لىق ئېنېرگىيە تولۇق بولمىسا، قويلار راستىنلا سەمى-
رىمەيدۇ. چۈنكى بەدىنىگە يىغىلغان ئىسسىقلىق ئې-
نېرگىيە سوغۇققا تاقابىل تۇرۇشقا سەرپ بولۇپ سىرت-
قا ئېقىپ كېتىدۇ - دە، بەدەنگە توپلىنالماي قالىدۇ.
بۇ ھال «قىش ۋاقتىدا قوي سەمرىتمەك قىيىن»
بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قىش كۈنلىرى
قويلارنى ئىسسىق باقاندا، بەرگەن يەم - بوغۇز،
قىلغان ئەجرىمىز بىكارغا كەتمەيدۇ. خۇددى ياز -
كۈزدە سەمرىتكىلى بولغانغا ئوخشاش سەمرىتكىلى
بولىدۇ. دېمەك، راھەتلىك ئېغىل قوي تېنىگە داۋا
بولىدۇ.

# ھايۋاناتلارمۇ ئەركىنلىكنى سۆيەمدۇ؟

دوستۇم سۆزلەپشۇ يەرگە كەلگەندە، يەنە توختىدى. ئۇ، بىزگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزدىنلا:

— قوي ئەركىنلىكنى سۆيەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— توۋا، دە، ھايۋاناتلارمۇ ئەركىنلىكنى سۆيەمدۇ؟ ھايۋان ئەركىنلىك دېگەننى نەدىن بىلسۇن ا— دېدىم مەن ئۇنىڭ ئېغىزىنى تاتىلاپ.

— ئۇنداق بولسا، ئاڭلاپ تۇر، — دېدى دوستۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر كۈنى مەن قويلارنى ھويلىغا چىقىرىۋەتتىم، قويلار بەكلا «ھاياجانلىنىپ» كەتتى بولغاي، سەكرىدى، بىر - بىرىنى ئۈسسۈشتى، بۇ ھەرىكەتلەر مېنى ھۇزۇرلاندۇردى. ئوغلۇممۇ قاتتىق سۆيۈنگەنلىكىدىن، قولىغا بىر تاياقنى ئېلىۋېلىپ قويلارنى يەڭگىل ئۇراتتى، قويلارنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ئوينايتتى. بىر ھازادىن كېيىن قويلارنى سولىۋەتتىم ۋە ھويلىنى پاكىز سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ئېغىلغا تۆكۈۋەتتىم. ئوغلۇممۇ ماڭا ھەمنەپەس بولدى.

ماناشۇنچىلىك بىر ئىش دېدىم كۆڭلۈمدە، خوتۇنۇم ھويلا پاكىز تۇرمىدى دەپ ۋايسايتتى، ئەمما ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئۇنچىۋالامۇ مەينەت بولۇپ كەت-

مەيتتى. ... لېكىن، گەپ شۇ يەردىكى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن قويلاردا ئەركىن يۈرۈشكە ئىنتىلمىدىغان بىر خىل ئالامەتنىڭ بارلىقىنى سەزدىم. ئەلۋەتتە، ئەركىنلىك — بەخت، ئەركىنلىك — راھەت، ئەركىنلىك ئازادلىق، مېنىڭچە، بۇ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى پۈتكۈل مەخلۇقلارغا ئورتاق ھەقىقەت! ئۇ ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ھايۋاناتلارغىمۇ شۇنچىلىك زۆرۈر. چۈنكى، ئۇ ھايۋانلارنىڭ تەكپۈرلۈكى ۋە سەمىرىشىگە پايدىلىق! شۇڭا مەن ھەپتىدە بىر، ئىككى قېتىم قويلارنى ھويلىغا چىقىرىۋېتىدىغان بولدۇم. خوتۇنۇممۇ بارا - بارا بۇنىڭغا كۆنۈشكە باشلىدى. لېكىن قايىل ئەمەس ئىدى.

— خوتۇن مەيەرگە چىق، — دېدىم مەن بىر قېتىم قويلارغا يەم بېرىپ قويغاندىن كېيىن.

ئوغلۇم ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۇنى ئېلىپ چىقتى.

— سەن ئىلمىي ئادەم، بىراق ھايۋاناتلاردىمۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلىش بولىدۇ، دېسەم ئىشەنمىدىڭ. قارا، ھازىر قويلار ناھايىتى ئالدىراش يەم يەۋاتىدۇ. مەن ئىشىكنى ئاچاي، نېمە ئالامەت يۈز بېرىدىكەن، سەن كۆرۈپ باق.

مەن ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم. قويلار يەملىرىنى تاشلاپ، ئېغىل ئىشىكىدىن تاقلاپ - تاقلاپ چىقىپ ھويلىدا سەكرەشكە، بىر - بىرى بىلەن ئۈسۈشۈپ ئويناشقا باشلىدى...

— ھويلىغا چىقارمىغىلى بىر قانچە كۈن بولغان.

قويلار تار ئېغىلدا تازا زېرىككەن گەپ. قارا، ھازىر
قويلارنىڭ تازا قورسىقى ئاچقان چاغ. شۇنداق تو-
رۇقلۇق يەمنى تاشلاپ ھويلىغا چىقتى، بۇ نېمە ئۈ-
چۈن؟ بۇ «ئەركىنلىكنى سۆيگىنى» ئەمەسمۇ؟ بۇ جە-
ھەتتە تامامەن ئادەملەرگە ئوخشاش!

ھاۋا ئىللىپ، ئېغىل قويلارغا ئىسسىق كەلگىلى
تۇرغان چاغدا، مەن قىشلىق ئوقۇرنى ئېلىۋەتتىم،
ئېغىل بىردىنلا كەڭرىپ قالغاندەك بولدى، قويلار
ئېغىل ئىچىدە ئايلاندى، تاملارغا ئۆزىنى سۇۋاشقا،
پۇتلىرى بىلەن بىر - بىرىگە «مۇشت» ئېتىشقا باشلىدى.
مەن ئوقۇر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئاشۇ چاغدا خو-
تۇنۇم مەشىنىڭ كۇلىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە قويلار-
دىكى ھېلىقى ئالامەتلەرنى كۆردى - دە:

— بۇ بىچارىلەر تارچىلىقتىن زېرىكىپ كېتىپتى-
كەن - دە، ئېغىل كەڭرىسە، خوش بولۇپ كېتىشكىنى-
نى، تووا — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خوتۇنۇم مەلۇم چۈشەنچىگە
ئىگە بولدى. قويلارنى پات - پات ھويلىغا چىقىرى-
ۋېتىشىمنى دەۋەت قىلىدىغان بولدى. ئوغلۇممۇ قوي-
لارنى ھويلىغا چىقىرىشىمنى بەك ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ
قويلارنى قوغلاشنى، ئۈستىگە ئارتىلىپ قورقۇتۇشنى،
بويىنىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى،
قويلارمۇ ھويلىغا چىققان ھامان ئوغلۇمنىڭ شۇنى-
داق قىلىشىنى كۈتكەندەك قىلاتتى. مەن شۇنىڭدىن
كېيىن ھەر قېتىم بوداققا سېلىشقا ئالغان قويلارنى

ھات - پات ھويلا - ئارامغا چىقىرىپ «ئەركىنلىك» بېرىدىغان بولدۇم. لېكىن، بىر قېتىم خوتۇنۇم مۇنداق دېدى:

— قوينى ماڭدۇرماي تار يەرگە سولاپ باقسا، ئاسان سەمرىمەيدۇ دەپ ئاڭلىدىم، لېكىن سىز قوي «ئەركىنلىكنى ئىزدەيدۇ» دەپ ھويلىغا چىقىرىپ مەكرىتىسىز، بۇنداق قىلسىڭىزمۇ بولمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەر ئىككىسىنىڭ مەلۇم ئاساسى ھەم پايدا - زىيىنى بار. نېمىشقا دېسەڭ. بورداقىغا سالغان قوي قانچىكى كۆپ ماڭسا، شۇنچىكى كۆپ ئېنېرگىيە سەرپ بولىدۇ. ئاز ماڭسا ئېنېرگىيىمۇ شۇنىڭغا لايىق ئاز سەرپ بولىدۇ. ئېنېرگىيە قانچىكى ئاز سەرپ بولسا، قوي شۇنچىكى ئاسان سەمرىيدۇ. لېكىن بۇنىمۇ بەك چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسە بولمايدۇ، ھە دېسە قامىسۇۋېلىش زىيانلىق. شۇڭا مەن قويلارنى چەكلىمەك دائىرىدە ھەرىكەتلەندۈرىمەن، بۇ يەردە سەرپ قىلغان ئېنېرگىيىسى چاغلىق. ئۇنىڭلىق بىلەن سەمرىشىكە تەسىر يەتمەيدۇ، بەلكى، سەمرىتىشنى تېزلىتىدۇ.

— قانداقچە؟

— مەن ئېلىپ يەمگە سالغان قويلار ئاساسەن ئورۇق، يېزىنىڭ قويلىرى، يېزىدا بېقىلغان قويلار ئاساسەن كەڭرىدە بېقىلىدۇ، كەڭرىكە ئادەتلەنگەن قوينى بۇ تار يەرگە قاۋاپ قويساق، قويلار بۇنىڭغا ئاسانلىقچە كۆنۈپ كېتەلمەي-

دۇ. خۇددى پۇت قولىنى باغلاپ قويغان ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ - دە، ئىشتىيى تۇتۇلىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللاردا قويلارنى پات - پات ئېغىلدىن چىقىرىپ تۇرساق سەكرەپ، مېڭىپ دېگۈدەك ئۇيۇشۇپ قالغان پۇت- ئۇستىخانلىرىغا قان يۈگۈرۈشۈپ، قويلاردا جۇش- قۇنلۇق پەيدا بولىدۇ. «كۆڭلى ئېچىلىدۇ،» ئىشتىھاسى- نىڭمۇ ئېچىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. قوي تازا سەمرىشكە باشلىغاندا بولسا، ئۆزلۈكىدىن ئېغىلغا كۆنۈپ كېتىدۇ ھەم ھورۇنلىشىپ، سەكرەشكە، مېڭىشقا خوش ياقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئېنېرگىيە بەدەنى- گە توپلىشىپ، سىرتقا چىقىپ كەتمەيدۇ - دە، سەم- رىشى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. بۇنداق چاغدا ئېغىلدا قوي- لارغا بىر - بىرى بىلەن سۈركۈشۈپ كەتمىگۈدەكلا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ياخشى.

— گېپىڭىزمۇ تولا سىزنىڭ، ياخشى تېخنىك بو- لۇپ قالمىغىنىڭىز، تېخنىك بولۇپ قالغان بولسىڭىز، ئىش بار ئىكەن سىزدە.

## ئىسسىق يەممۇ ئىشتىھانى ئاچىدۇ

— ئەسكى - تۈسكى بولسىمۇ، سولياۋ بارمۇ؟

— قانداق قىلىسىز؟

— بارمۇ - يوق، لازىم قىلىمەن.

— يەنە شۇ قوي ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەرسىڭىز ھە قاچان؟

— بولدى، تالاشمايلى، بولسا تاپ، بولمىسا، بازاردىن ئەكىرىمەن.
ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر پارچە سۇلياۋ پارچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى:
— بولامدۇ مۇشۇ؟
— داسنىڭ ئاغزىنى ياپالىسىلا بولىدۇ.
— قوينىڭ يېمىنى دۈملەمسىز؟
— دۈملىمەي قويسام، ئاتايەن سۇ قايىنىتىپ، يەم چىلىغىنىمىنىڭ پايدىسى بولمايدىكەن.
— ئىچىدىغان سۇنىمۇ ئىسسىق بېرىۋاتىسىز، يەنىمۇ ئىسسىق بېرەي دەپسىز ـ دە!
— شۇنداق.
— قويغا خۇددى ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىسىز؟ قىلىقىڭىزغا ھەيران مەن.
— ھەيران قالغۇدەك ھېچقانداق يېرى يوق، چۈنكى، قىشنىڭ سوغۇقى نۇرغۇن مەۋجۇداتلارنى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ، ئۇلاردا يەنە نۇرغۇن ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىگە ئېھتىياجلىق بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قويلارغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق، كۆپ تەرەپلىمە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە تولۇقلاپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەيلى بىز قويلارنى ئىسسىق چۆمكەيلى ياكى ئۇلاردىن كۆپلەپ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى چىقىپ كېتىشنى توسايلى، بۇنى مۇستەھكەملەش ھەم ئاددىي ئۇقتىلارغىچە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش لازىم.
قىش كۈنلىرى قويلارغا ئىللىمان سۇ بېرىش،

ئوزۇقلۇقنى ئىسسىق بىرىشمۇ مانا شۇ نۇقتىلارنىڭ جۇملىسىدىن.

سۇنى قانداق بىرىش كېرەك؟ قىش كۈنلىرى سۇ بەك سوغۇق بولىدۇ، بۇنداق سوغۇق سۇنى قويلار ئىچكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا توڭۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئېغىز بوشلۇقىدا، ھەزىم قىلىش يوللىرىدا ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى بىر مەزگىل يوقىتىدۇ، چىش ئارىلىقلىرىنى، چىشنى بوشىتىپ، چاپاش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش ئېھتىماللىقى ناھايىتىمۇ يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوغۇق سۇ قويلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئاشۇ ئەزالىرىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سۇنى ئىسسىتىش ئۈچۈن قويلارنىڭ بەدىنىگە توپلانغان نۇرغۇن ئېنېرگىيە خورايدۇ. سوغۇق يەم-بوغۇزمۇ قويلاردا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى پەيدا قىلغاندىن تاشقىرى، قويلارغا بىمەززە تۇيۇلىدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن سوغۇق يەم ئوخشاشلا قويلارنىڭ ھەزىم قىلىشنى ناچارلاشتۇرىدۇ. ئىشتىھانى تۇتۇپ قويىدۇ، ھەتتا بوغاز قويلار بالا تاشلىۋېتىدۇ. سانجىق تۇرۇپ قورسىقى ئاغرىيدۇ. ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە كۆپلەپ سەرپ بولۇپ كەتكەچكە بەدەنگە كېرەكلىك ئېنېرگىيە كەمچىل بولۇش تۈپەيلى تېز سەمرىشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

چېكىت پوستى بەرگەن قويلارغا — چېكىت پوس-
تىنى قايناقسۇ بىلەن زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىشكە
توغرا كېلىدۇ. بىرى، سۇ ئىسسىق بولسا، چېكىت
پوستىدىكى زەھەر سوغۇق سۇدا زەھەرسىزلەندۈر-
گەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى، بىر قەدەر تولۇق
زەھەرسىزلىنىدۇ. يەنە بىرى، قىش كۈنلىرى چېكىت
پوستى سۇنى كۆرگەندىن كېيىن، بەك ئاسان سوۋۇپ،
سوۋۇش دەرىجىسى بەزىدە مۇزلاش نۇقتىسىغا
بېرىپ قالىدۇ. ئۇنى ئۇستىدىن ئىسسىق سۇ بىلەن
قايتا قىزىتقان تەقدىردىمۇ، ئاشۇ بىر قىسمىنىڭ
ئۆتتى - تاشقى تەرىپى ئازراق ئىسسىيدۇ، قات-
تىقىدىن پۈتۈنلەي ئىسسىپ كەتمەيدۇ. ئۇنى سوغۇق
ئوقۇرغا تۆككەندىن كېيىن، تېخىمۇ سوۋۇپ، ئەسلى-
دىكى ھالىتىگە كېلىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنى قوي-
لارغا ئەتىگىنى بەرگەندە بۇ ھال ناھايىتى روشەن
كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرى، چېكىت پوستىنى
قايناقسۇدا زەھەرسىزلەندۈرۈپ، ئۇستىنى سۇلياۋ
يوپۇق بىلەن يېپىپ قويۇش كېرەك، بۇنىڭ بىلەن
چېكىت پوستىدىكى ئىسسىقلىق خېلى بىر مەزگىلگىچە
ساقلىنىدۇ. مەن ھېس قىلدىمكى، چېكىت پوستى مەيلى
ئىسسىقلىق، مەيلى سوغۇقلۇق قوبۇل قىلسۇن، ياكى چى-
قارسۇن، تەستە قوبۇل قىلىدىكەن، تەستە چىقىرىدى-
كەن، بۇنداق چېكىت پوستىنى يەنە، سەھەردە بەرمەي
چۈش، كەچتە، ھاۋا سەل ئىللىغان چاغدا بەرسە، سو-
ۋۇپ كەتمەيدۇ، سەھەردە قويلار ئىسسىقلىققا بەكمۇ

موھتاج بولىدۇ. شۇڭا قويلارغا سەھەردە سامان بىلەن ئىسسىق سۇدا ھەلەپ بېرىشنى ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئادەتتىكىدىن ياخشى بولىدۇ. قويلارغا بېرىدىغان سۇنىمۇ چوقۇم ئىللىمان قىلىپ بېرىش كېرەك. بەك ئىسسىق قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئادەتتە 20—10℃ بولغىنى تۈزۈك. قويلارنى سۇغۇرۇشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن قاتتىق ھەيدىمەسلىك، قوغلىماسلىق لازىم. بۇنىڭ قويلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

## قوي نېمىشقا قەغەز يەيدۇ؟

مەن بىر چېپىتتە كېسىلگەن بۇرۇچ قەغەزنى يۇدۇپ ئۈيگە كىردىم، ئوغلۇممۇ يەسلىدىن چىقىپ ئىشىك ئالدىدا كېلىپ تۇرغان ئىكەن.

— نېمە ئۇ، دادا، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چىم-چىملىتىپ.

— قەغەز.

— نېمە قىلىسەن، دادا، قەغەزنى؟!

— قوينىڭ ئايىغىنى قۇرۇقدايمەن.

— قوي يېمەمدۇ؟

— يېسىمۇ مەيلى.

ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئوغلۇم ماڭا:

— قەغەزنى قويغا مەن بېرەيما، دادا، — دېدى.

— ياق، قوينىڭ ئايىغىغا سالىمىز.

مەن ئوغلۇم بىلەن قوينىڭ ئايىغىغا قۇرۇقدايمىز

دەپ بىر مۇنچە قەغەز تاشلىدۇق. توۋا، قويلار قەغەزنى ھەدەپ يېگىلى تۇردى. ئەتىسى سەھەردە ئېغىلغا قارىسام، ھېلىقى قەغەزلەرنىڭ كۆپى يوق. ھەم، دېدىم مەن بىر ئىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قويغا قەغەز بېرىدىغان بولدۇم.

مەن قويلارغا ئاز - تولا قەغەز بەردىم، يېزىدىن كەلگەن تاغام بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— بالام، قويلىرىڭغا قەغەز بېرىدىكەنسەن، قويىمۇ قەغەز يەيدىكەن - ھە؟ — دېدى ئۇ ماڭا.

— يېمەمدۇ ئەمىسە؟ — دېدىم مەن.

— خەقلەردىن قوي قەغەز يەيدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، كۆرمىگەچكە ئىشەنمىگەن. بۈگۈن كۆرۈپ ھەيران قالدىم. يەيدىغان باشقا ئوت - خەس يوق يەمدۇ - يا؟

— ئوت - خەسمۇ تېپىلىدۇ، يالغۇز ئوت - خەس يېزىدىلا بار ئەمەس، يولغا ئېلىپ بەرسەك شەھەردىمۇ كۆپ، يېزىدىن كەكرى تېپى، لېكىن، قەغەز بېرىشىمىز، ئوت - خەس يوقلۇقىدىن ياكى ئوت - خەسنى يولغا ئېلىپ ئېلىشتىن قاچىلىقتىن ئەمەس، قەغەزنى قوي ئوت - خەسنى يېگەندەك تەبىئىي ھالدا يەيدۇ، شۇڭا بېرىمىز.

— قەغەزنى يېگەندە كانىيىغا ياكى ئۈچەيىگە چاپلىشىپ قالىدىغان ئىش بولمامدىكەن؟

— ياق.

— ئۇنى يېگەندىن كېيىن، قويلارنىڭ قورسىقى ئىششىپ قالمامدىكەن؟

— نېمىشقا ئۇنداق بولسۇن؟

— قەغەزنى يېگەندىن كېيىن، ئوخشاش مايا-
قلامدىكەن ياكى كاللەك - كاللەك مايا قلامدىكەن؟

— باشقا يەم - خەشەك يېگەندىن كېيىن، قانداق
مايا قلىغان بولسا، يەنىلا ئوخشاش مايا قلايدۇ.

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ - ھە، ماڭا قارا بالام،
بىر نېمە سېپىپ بەرمەيدىغانسەن؟

— ياق، ھېچ نەرسە سېپىپ بەرمەيمەن.

—مەن دەيمەن، بايام قارىسام، قويلۇرۇڭ قەغەز
دېگەننى بىر نەرسە سەپكەندەك، پاراسلىتىپ
يەۋاتىدۇ. قاراپ تۇرۇپ كەتتىم، شۇڭا دەيمەن،
قوي قەغەزنى يېسە پايدىسى بولامدۇ ياكى قورساق
تويغۇزۇشقىلا بولامدۇ؟

— قورساقتا يېگەن نەرسىنىڭ پايدىسى بولما-
يدىغىنى نەدە بار؟ قەغەز يېگەن قوي ئاسان سەمرىيدۇ.

— ھە، دېگىنە بالام. قەغەز يېگەن قوي سەمرىيە-
دۇ، - دە، قەغەزنى قومۇشتا ئېتىدۇ دەيدىغان، ھازىر
زەل - زىرائەتنىڭ شاخ - شۇمبىسىدىمۇ ئېتىدىغان ئوخ-
شىمامدۇ؟

— بۇنىڭدا مۇنداق بىر ئىش بار، بولۇپمۇ قوينىڭ
قەغەزنى بىمالال يېيىشىدە، قەغەزنىڭ ئاساسلىق تەر-
كىبىي قىسمى يەنىلا ئۆسۈملۈكلەردۇر. قەغەز ئىشلەپ-
چىقىرىش ماتېرىيالى پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، بوتقا ھا-
لەتكە (ئوماچقا ئوخشاش ھالەتكە) كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ
خىل قەغەز بوتقىسى خىمىيىۋى ئۇسۇلدا تۈجۈپىلەپ

پىشۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تالالىق ماددىلىرى بىر قەدەر ساپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ مەلۇم مىقداردا ئوزۇقلۇق قىممىتى بولىدۇ؛ شۇڭا ئۇنى قويلار يەيدۇ، يېگەندىن كېيىن، ئۇ ئوڭاي ھەزىم بولىدۇ. قويلار ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. مەن قەغەزنى قويلارغا قوشۇمچە ئوزۇقلۇق ئورنىدا بېرىمەن.

— قوي قەغەزنى شۇڭا يەيدىكەن-دە، بىز قويلىرىمىز قەغەز يېسە، بىر نېمە بولامدىغاندۇ دەپ قورقۇپ بەرمەيدىكەنمىز، قورقىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن، مەن مۇشۇنى بىلىۋېلىپ ئوبدان قىلدىم. ئۆيلەردە چېچىلىپ تۇرغان قەغەزلەرنى قالاپ، تاشلاپ بۇزۇۋەتمەي قويلارغا بەرسەم بولىدىكەن، — دېدى تاغام ھاياجانلىنىپ.

## قوناق ماجىراسى

كەچتە قويلارغا يەم بېرىپ بولۇپ ئۆيگە كىرىپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىدىم، ئوغلۇم ھېلىمۇ قويلارنىڭ يېنىدا ئىدى. بىر چاغدا، قۇلىقىمغا گاراس-گۇرۇسنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئاپلا!» مەن يۈگۈرگەن پېتى چىقتىم.

ئوغلۇم تامغا يۆلەپ قويغان خالتىدىكى قوناقنى قاچا بىلەن توشۇپ قويلارنىڭ ئوقۇرىغا تۆكۈۋاتقان ئىكەن.

— ھەي نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، تۆكمە!؟ — دې‐
دىم مەن.

ئوغلۇم ناھايىتى خۇش ـ خۇي ئىدى. ئۇ، مې‐
نىڭ بۇيرۇقىمغا «ھىم» دەپ دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ،
قاچىدىكى قوناقنى تۆكۈشنى داۋاملاشتۇردى.

— تۆكمە، نېمە يەدۇ؟

— يەيدىكەنغۇ ئاينا!

— يېسىمۇ ھازىر بەرمەيمىز.

— يېمىسە قورسىقى ئاچىدۇ.

— بۇ ياققا تۇر، ھازىر ئۇ قۇردىكى يەمىنى يە‐
مۇ. قوناقنى بەرسەڭ بولمايدۇ. قوناقنى بۇنداق جىق
بەرسەڭ قورسىقى ئېسىلىپ قالىدۇ.

— ئېسىلمەيدۇ.

— سەن نېمە بىلىسەن؟

— بىلىمەن شۇ.

— بىر تەرەپتە تۇر، ئۇ قۇردىكى قوناقلارنى ئې‐
لىۋېتەيلى.

— ئۆزۈڭ ئال ئەمىسە، قوي چىشلەيدۇ مېنى.

مەن قوينىڭ ئۇ قۇردىكى قوناقلارنى سۈپۈرۈپ
ئېلىشقا باشلىدىم. ئوغلۇمنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى.

— بەردىم دەپ قويغا قوناقنى قالايمىقان جىق
بەرسە بولمايدۇ، — دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ، —
نېمىشقا دېسەڭ، بىر قېتىمدىلا كۆپ بېرىپ قويسا،
قويلاردا نورمال بولمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز
بېرىدۇ.

— كىچىك بالا چۈشىنەمدۇ؟ سىزنىڭ ئۇنىداق مۇرەككەپ گەپلىرىڭىزنىڭ مەنىسىنى، — دېدى خوتۇنۇم گەپكە لوقما سېلىپ.

— چۈشىنىسەن، ھە، ئوغلۇم؟

— مەن دېگەن چۈشىنىمەن، دادامنىڭ كېپىنى ئاڭلايمەن، قانداق...

— ھە، توغرا، — دېدىم مەن ئوغلۇمنى ئەركىلىتىپ، — مەن قويلارغا ھەر كۈنى كەچتە ياتىدىغان چاغدا قوناق بېرىمەن، نېمىشقا دېسەڭ، قوي قوناق قاتارلىق يېرىك يەم - خەشەككە ئامراق بولىدۇ. بۇ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرىپى، كېچىكى تۈن ئۇزاق، قوناق قاتارلىق يېمەكلىكلەر قاتتىق، ئاسان ھەزىم بولمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئۇنى قويغا كەچتە بەرگەندە، كېچىكى تۈن قويلارنىڭ ئاشۇ قوناقنى ھەزىم قىلىشىغا ئۇزۇن پۇرسەت تۇغدۇرىدۇ. كېچىسى قوي كۆپ كۆشەيدۇ - دە، شۆلگەي بەزلىرى ئارقىلىق يېگەن قوناقنى يۇمشىتىپ، ئاسان سىڭىرىدۇ ھەم تەنگە قۇۋۋەت بېرىدۇ. لېكىن، ھەزىم قىلالايدۇ، دەپ، قوناقنى بولۇشىغا بېرىشكە بولمايدۇ. كۆپ بەرگەندە، قوناق قويلارنىڭ ئىشتىھاسىنى تۇتۇپ قويىدۇ، ھەتتا قورسىقىنى ئېسىپ قويىدۇ، بۇ بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قوناقنى كۆپ بېرىشكە توغرا كەلسە، قوناقنى ھەر كۈنى مەلۇم مىقداردا ئاز - ئازدىن كۆپەيتىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قويلارنى شۇنىڭغا كۆندۈرۈش كېرەك.

قوناقنى خالىغان چاغدا قالايمىقان بەرسەك بولمايدۇ، نېمىشقا دېسەك، بۈگۈن چۈشتە قوناق بەرسەك، قويلار يەنە ئەتە چۈشتە چوقۇم قوناق بېرىدۇ دەپ، باشقا يەملەرنى يېگىلى ئۇنىمايدۇ. قوناقنى يېيىش كويىدا تاماخورلۇق قىلىدۇ. خۇددى ئادەمنىڭ ئوبدان تاماقتىن كېيىن، ناچار تاماقنى يېگۈسى كەلمىگىنىدەك. شۇڭا قوناقنى ئەڭ ياخشىسى ئاخشىمى ياتىدىغان چاغدا بەرگەننىڭ پايدىسى كۆپ.

## قوشۇمچە يەم ئوششۇقچە يەممۇ؟

ھايۋاناتلارنىڭمۇ «كۆڭلى» بولامدۇ؟ بەلكىم بۇ بىر كۈلكىلىك سوئالدۇر، ئەمما، مەن ھايۋاناتلارنىڭمۇ كۆڭلى بار دەپ قارايمەن.

ئادەم بەدىنىدە قانداقتۇر بىر خىل ئېلېمېنت كەمچىل بولسا، ئادەمنىڭ كۆڭلى شۇ خىل ئېلېمېنت بار يېمەكلىك ۋە نەرسىلەرنى تارتىپ قالىدۇ. گەرچە ئادەم بىلەن ھايۋانات ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت بولسىمۇ، ئايرىم جەھەتلەردە ئوخشاشلىق بولىدۇ.

بىر قېتىم ئوغلۇم بىر قوينىڭ ئوقۇر يېنىغا يۆلەپ قويۇلغان سۇلياۋ داسنى غاجىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالاقىزادە بولۇپ مېنى چاقىردى. قارىسام راست، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مەن ئاغزى قېچىشىپ قالغان

ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. يەنە بىر قېتىم مەن، بىر
قوينىڭ ئوقۇرىدىكى يەمنى يېمەي، ھەدەپ تامدىكى
سۇۋاقنىڭ ساماننىلىرىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ
نېمە ئۈچۈن؟ بەلكىم ئىچى پۇشۇپ قالغاندۇ، دەپ
ئويلىدىم. يەنە بىر قېتىم مەن قويىنىڭ ئوقۇرىدىكى
يەمنى ئازراقلا يەپ قويۇپ، ئوقۇرنىڭ گىرۋىكىنى
يالاپ، چىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ نېمە ئۈچۈن؟
بەلكىم چىشى قىچىشىپ كەتكەندۇ. دەپ ئويلىدىم. مۇشۇنـ
داق سوئاللارغا مۇشۇنداق جاۋابلار مۇۋاپىقمۇ؟ راسـ
تىنلا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن قويلار ئاشۇنداق قىلىـ
غانمىدۇ؟ بىر قېتىم ئىشتىن كىرسەم، بىرنەچچە قوي ئېغىل
ئىشىكىگە چاپلاپ قويۇلغان قەغەز يەشىكىنى يەۋېتىپتۇ،
مەن بۇنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران بولدۇم، بىر تۇـ
رۇپ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى، بىر تۇرۇپ ئويلىنىپ
قالدىم، ئوقۇرغا قارىسام بىر مۇنچە يەم تۇرۇپتۇ،
ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇم، لېكىن قويلار قەغەز يېـ
شىكنى «شارت ـ شارت» سۆكۈپ سېيىشنى داۋامـ
لاشتۇرۇۋەردى، توسۇپ باقتىم، ئاغزىغا ئۇرۇپمۇ قويـ
دۇم، لېكىن كارى بولماي مەززە قىلىۋەردى. نېمە
ئامال؟ بىرەر سەۋەب بولمىسا يېمەيتتى، شۇڭا قويـ
لار قاچانغىچە يەيدىكەن قېنى، دەپ قاراپ تۇردۇم.
قويلار بىردەمدىلا چىرايلىق مىخلىۋېتىلگەن يەشىكنى
بۇزۇپ، ھويلىنىڭ «ھۆسنى» نى بۇزدى، شۇ چاغدا خوـ
تۇنۇم ئەخلەت بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ياغاچ قىرىنـ
دىلىرىنى ئەپچىقىپ ئېغىلغا تۆكتى، تۇۋا، قويلار ئەخـ

لەت ئارىسىدىكى ھېلىقى ياغاچ قىرىندىلىرىنى ئىلغاپ
تاللىشىپ يېـدى، مەن: ماۋۇ ئىشـنى كۆرۈڭ، قويلار
يەمنى يەۋېرىپ، مۇشۇنىڭغا ئوخـشاش قۇرۇق نەرسـ
لەرنى خالايدىغان بولۇپ قاپتۇ، ـ دە، دەپ ھۆكۈم
قىلدىم. توغرا، ئادەممۇ بىر خىل يېمەكلىكنى يەۋەرـ
سە زېرىكىدۇ، باشقا بىر خىل يېمەكلىكـلەرنى كۆڭلى
تارتىپ قالىدۇ، شۇنىڭـغا ئوخـشاش قويـلارمۇ ھەر
خىل يېمەكلىكلەرنى خۇمار قىلىپ قالىدىكەن ـ دە!
بۇنىڭ بىلەن، قويلارغا ھەر خىل قۇرۇق يەم ـ
خەشەكلەرنىمۇ پات ـ پات بېرىپ تۇرۇش كېرەككەن،
دېگەن قاراشقا كەلدىم، قويـلار ھەمىشە نەمدەلـگەن
يېمەكلىكلەرنى يەۋەرسىمۇ بولمايدىكەن، بىرى، زېرىكـ
كەن، يەنە بىرى، بۇ خىل نەمدەلـگەن يەمـلەردە
يوق بولغان، ئەمما، قوي بەدىنىگە كېرەكلىك بولـ
غان ئېلېمېنتلار بار بولغاچقا، قوي ئاشۇنداق قۇرۇق
يېمەكلىكلەرنى خالاپ قالىدىكەن، كېيىن ھېس قىلدىمـ
كى، نەمـدەلمەستىن بۇرۇنقى يەملەردىكى بەزى خۇـ
سۇسىيەتلەر نەمدەلگەندىن كېيىن، ئۆز تەسىرىنى ئازـ
تولا يوقىتىدىكەن، بەزىدە پۈتۈنلەي يوقىتىدىكەن،
دېمەك قويلارغا ئاشۇنداق قوشۇمچە يەم ـ خەشەكلەرـ
نىمۇ بېرىپ تۇرۇش زۆرۈر ئىكەن. ئۇنـداق بولسا،
بۇ خىل يەمـلەرنى قانداق بېرىـش، قاچان بېرىش
كېرەك؟ مېنىڭچە، بۇ خىل يەم ـ خەشەك قويلارغا قىش
كۈنلىرى بەك جىددىي لازىملىق بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ،
ئاساسىي يەم بولۇش رولىغا ئىگە ئەمەس، شۇڭا ئۇنى

قوشۇمچە يەم ئورنىدا بېرىشكە، قوللىنىشقا بولىدۇ-
ھالبۇكى، ئۇنى قانداق ۋاقىتتا بېرىش مەسىلىسى
يەنىلا مۇھىم مەسىلە، ئۇنى ئاساسىي يەم ئارىلىقىدا
بېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى، ئاساسىي يەم ئارىلىقى-
دا قوشۇمچە يەم بېرىلسە، قويلارنىڭ يەم يېيىش
رېفلېكسى بۇزۇلىدۇ-دە، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ.
ئەمما، بۇ خىل قوشۇمچە يەمنى بەرمىگەندە، ئاسا-
سىي يەمنىڭ قوي تېنىدىكى تەسىرىنى ئاشۇرغىلى
بولمايدۇ، ئۇنداقتا، قوشۇمچە يەمنى قانداق ۋاقىتتا
بەرگەن مۇۋاپىق؟ مەن سىناق ئۈچۈن پات-پات
قوشۇمچە يەمنى ئاساسىي يەمگە ئۇلاشتۇرۇپ بېرىپ
كۆردۈم. دېگەندەك، كېيىنكى قېتىملىق ئاساسلىق يەم
يېيىش ئۆلچىمى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تۆۋەنلەپ
كەتتى ...

مەن كۆپ ئويلىنىپ، بۇ خىل قوشۇمچە يەمنى
كەچتە-ياتىدىغان چاغدا بەرمەكچى بولدۇم. بۇ ئىش
تەجرىبىدىن ئۆتتى، مەن ھەر كۈنى كەچلىك يەمنى
بېرىپ ئۇنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قوناق بەردىم،
قوناقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، دەل-دەرەخ يوپۇر-
مىقى، قەغەز پارچىسى، ئارىلاپ-ئارىلاپ قۇرۇق
سامان قاتارلىقلارنى ئوقۇرغا تۆكۈپ بەردىم. بۇنىڭ
نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى: قويلارنىڭ كۆيە-
شى، ھەزىم قىلىش پائالىيىتى ياخشىلاندى. ئىشتى-
ھاسى ئېچىلدى. بۇ ھال قوي سەمرىتىۋاتقان مەزگىلدە
تازا ئۈنۈملۈك كۆرسەتتى. قوي رەسمىي سەمرىپ تول-

غان ۋاقىتتا. ئاساسەن يەم مىقدارىدا مەلۇم ئازـ
يىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. لېكىن، ئۇ قوشۇمچە يەم تەـ
سىرىدىن بولغان ئىش بولماستىن، سەمرىپ شۇ مەۋـ
سىملىكە كەلگەندە، يۈز بېرىدىغان نورمال ئەھۋال ئىدى.

# غەيرىي يۇراق — غەيرىي ھالەت پەيدا قىلىدۇ

— ھەي نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ئۆتە بۇياققا، قويلارغا يەمنى يېگىلى قوي! — دەپ ۋارقىراپ كەتتىم مەن ئوغۇمغا.

ئوغلۇم ئوقۇردىكى يەم بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قوللىرىنى تارتتى ۋە:

— ماۋۇ قوي يەمنى يېمەيدىكەن، ماندا، ماندا قىلىپ بەرسەم يەيدۇ، - دېدى خۇددى بىر ياخشى ئىش قىلىۋاتقاندەك. قول ئىشارىسى بىلەن.

— بۇ ئىشقا سەن كۆيۈنۈپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، سەن ئوقۇر بېشىغا بېرىۋېلىپ ئاشۇنداق قىلغىلى تۇرساڭ، قوي يەمنى قانداق يەيدۇ؟ بۇ ياققا ئۆت!

— ياق، ماندا، ماندا قىلىپ مال تەملاپ بولاي!...

— ياق، ئۇنداق قىلما...

مەن ئاچچىقىمنى بېسىۋالدىم ۋە ئۇنى بىر چەتكە تارتتىم.

مەن بۇ قېتىم باققان قويلارنى ئىككى خىل

يەمگە كۆندۈرگەنىدىم: قىش كۈنلىرى بولغاچقا ھەر كۈنى
سەھەردە ئىسسىق سۇدا ھەلەپ بېرەتتىم، چۈش ـ كەچ ـ
تە چىگىت پوستى چىلاپ بېرەتتىم، كەچتە يەنە قوشۇمچە
يەملەرنىمۇ بەردىم. مۇشۇ جەرياندا ھېس قىلدىمكى،
قويلارنىڭ بەزىسى ھەلەپكە، بەزىسى چىگىت پوستىغا
ئامراق چىقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىككى دانە داس
تېپىپ بىرسىگە مۇۋاپىق مىقداردا ھەلەپ، بىرسىگە
مۇۋاپىق مىقداردا چىگىت پوستى تۆكۈپ بېرىشنى
داۋاملاشتۇردۇم، بۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئۈنۈمى بول-
دى: قويلار قايسىسىنى خالىسا شۇنى يېدى. ھالبۇكى،
ئوغلۇم بۇنىڭغا تازا ناقايىل بولدى. ئۇ، سامان بى-
لەن چىگىت پوستىنىڭ بىرسىنى ئالاھىدە يەم دەپ
قاراپ قالغان بولغاچقا، ھەر ئىككىلىسىنى ئارىلاشتۇ-
رۇپ بېرىش ھېسسىياتىدا بولدى. شۇڭا ئۇ شۇ تاپتا
داستىكى ھەلەپ بىلەن چىگىت پوستىنى بىر - بىرىگە
ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

— بۇنداق قىلساڭ، بالام، قويلار يېمەيدۇ، —
دېدىم مەن داسلارنى ئوقۇردىن ئېلىۋېتىپ، — ھەممە
نەرسىنى بۇنداق ئارىلاشتۇرۇۋەتسەڭ، قويلارمۇ نىداق
ئارىلاشما يەمگە كۆنمىگەن بولغاچقا، يەمنى يېمەيدۇ،
يەم ئىسراپ بولىدۇ، قويلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى تەسىر-
گە ئۇچرايدۇ.

— ماڭە نېرى، ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ يېسە، قويىنىڭ
قورسىقى بەك تويىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ. يالغان بولسا، ماۋۇ يەمنى

پۇراپ باقە.

— ھۆھ، ماڭە نېرى مەن قوي ئەمەس!

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە مۇنداق قىلىدىكەنسەن، مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن.

— مېنى ئۇرساڭ، قوينى ئىچىقىپ سېنى تازا ئۇسسۇتىۋېتىمەن!

بىز يەيدىغان تاماقلاردا ئۆزىگە خاس پۇراق بولىدۇ. بىز ئاشۇ پۇراققا قاراپ، تاماقنىڭ تەمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز ياكى ئۆزىگە خاس پۇراققا ئىگە بىر ياكى بىر قانچە خىل تاماقنى كۆپرەك يېيىشنى ئارزۇ قىلىمىز. قويلارغا بېرىدىغان يەم گەرچە بىز يەيدىغان يېمەكلىككە ئوخشىمىسىمۇ، ھەر خىل يەم - خەشەكلەردە ئۆزىگە خاس پۇراق بولىدۇ. قويلار قايسى خىل پۇراقلىق يەمگە ئامراق، ئادەتلەنگەن بولسا، شۇ خىل پۇراقلىق يەملەرنى كۆپ يەيدۇ. چىكىت پوستىنىڭ بىر خىل، ساماندا ئەتكەن ھەلەپنىڭ بىر خىل پۇرىقى بولىدۇ، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، يەنە بىر خىل پۇراق ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل پۇراققا، بۇ خىل ئۆزگىچىلىككە سەل قاراپ، ھەلەپ بىلەن چىكىت پوستىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك، بۇ ئىككىسىدىن ھاسىل بولغان يەنە بىر خىل پۇراق قويلارنى سەسكەندۈردۇ، بۇ خىل پۇراقلىق يەمنى قوي يېمەيدۇ. مۇبادا قويلار باشقىلا مۇشۇنداق پۇراققا كۆنگەن بولسا، ھېچ قانداق

ھەيرىي ئەھۋال يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. بۇ خىل پۇراقلىق يەمگە كۆنمىگەن قويلارنى بۇ خىل يەملەرنى يېيىشكە زورلاشقا بولمايدۇ. كۆندۈرۈشكە توغرا كەلسە، دەسلەپتە يەمگە سالغاندىلا كۆندۈرۈش، ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. باشقا يەمگە كۆنۈپ، ئادەتلىنىپ بولغاندا، بۇ خىل پۇراقلىق ئارىلاشما يەمگە كۆندۈرۈشكە ئۇرۇنماسلىق كېرەك. چۈنكى، بۇ بىر ئاۋارىچىلىق بولۇپ، قويلارنىڭ سەمرىشىنى كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ.

بىر قېتىم قويلار بىر قانچە كۈنگىچە يەملىرىنى تولۇق يەپ بولالمىدى، ئۇنى بۇنى قىلىپ باقتىم، ئۆزگىرىش بولمىدى. سەۋەبىنى تاپالماي بىئارام بولدۇم. ھەتتا، يەمگە كېپەك سەپكەندىن باشقا، قوناق ئۇنى سېپىپ، قويلارنى يەمگە زورلاپ باقتىم، يەنە ئۆزگىرىش يوق.

بىر كۈنى، قويلاردىن ئاشقان يەملەرنى پۈتۈنلەي ئېلىۋەتتىم. ئاندىن يېڭىدىن يەم تەييارلاپ بەردىم. توۋا دېگۈدەك ئىش، قويلار بىردىنلا ھېلىقى يەمنى يەپ بولدى. بۇ نېمە ئىش؟ شۇنداق بىر چاغدا، خوتۇنۇم بىر نەچچە تۇتام كۆكتات شۆپۈكىنى ئوقۇردىكى يەم بار داسقا سالدى، مەن توستۇم. لېكىن، بىر قېتىم بولغان بۇ ئىشنى قايتا بولۇپ قالامسۇن دەپ جىمىلدىم. قويلار كۆكتات شۆپۈكلىرىنى ئاندا ـ ساندا يېدى، مەن داستىكى يەمگە كېپەك سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇم. قويلار ئازراق يەپ توختىۋالدى. كەچتە مەن ھېلىقى داستىكى

يەمنى قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم. يەمدە بىر مۇنچە ئۇش-
شاق سۆڭەك پارچىلىرى بارلىقىنى سەزدىم. ئەسلىدە
خوتۇنۇم تاشلىغان كۆكتات شۆپۈكى ئارىسىدا ئاشۇ
ئۇششاق سۆڭەك پارچىلىرىمۇ بار ئىكەن. ھە، شۇڭا
يېمىگەن ئىكەن-دە! مەن بۇنىڭدىن بىر ئەقىل تاپقان-
دەك بولدۇم. ئەتىسى ئوقۇردىكى دانى ئېلىپ، ئۇ-
نىڭ ئاستىدا ۋە ئوقۇردا قوي مايا قىلىرىنىڭ تۇر-
غانلىقىنى كۆردۇم، بۇنىڭدىن يەمگە بىرەر نەرسە
ئارىلىشىپ قالسا، قوي يېمەيدىكەن دېگەن ھۆكۈمنى
لېخىمۇ توغرا تاپتىم. مەن دەرھال داستىمكى يەمنى
ئاختۇردۇم. قويلار ئوقۇرغا ئارقىسىنى قىلىپ ما-
يا قىلىغانىدا، مايا قىنىڭ بىر قىسمى ئوقۇرغا چۈشكەن،
ئۇ، ھۆل، ھەم - يېپىشقاق بولغاچقا، يەمدىكى كېپەك،
ئۇن قاتارلىقلارنى ئۆزىگە يېپىشتۇرۇۋالىدىكەن -
دە، ئۇنى يەم دانچىلىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولماي
قالىدىكەن ھەم ئۇ يەمدە يەنە بىر خىل پۇراق ھا-
سىل قىلىپ قويىدىكەن، قويلار بۇنداق يەملەر بى-
لەن ئۇچراشقانىدا، ئاچ قېلىشقا رازى بولىدىكەنكى
يېمەي تۇرۇۋالىدىكەن. مانا بۇ قىشلىق ئوقۇرنىڭ
پاكار بولۇپ قالغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى. ئەلۋەتتە. مەن
يەمدىكى مايا قىلارنى ئادالاش جەريانىدا، يەنە باشقا
نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى كۆردۇم. مەن بۇنى ئۆز-
گەرتىش ئۈچۈن، ئوقۇرنى ئېگىزلەتتىم، ئوقۇر يې-
نىدىكى قىغنى تۆۋەنلەتتىم ۋە قويلارنىڭ يېمىنى
بۇزىدىغان، غەيرى پۇراق ھاسىل قىلىپ قويىدىغان

ئەرسىلەرنى تۆكمەستىپ، يەمنىڭ ساپ بولۇشىنى ئىش-
قا ئاشۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن قويلار قايتىدىن يەمگە
كىرىشىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن، قويلاردا يەمنى
تولۇق يەپ بولالماسلىق كۆرۈلمىدى. مەن كۆزىتىش،
تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قويلارنىڭ يەمنى ئۈز-
لۈكسىز يېيىشكە توسالغۇ بولىدىغان مۇنداق بىر
ئىشنىمۇ تۆگەنتىم: مەن ئوقۇردىكى قالدۇق يەملەرنى
ئېلىپ، قايتىلاپ كېپەك سېپىپ بەرمەكچى بولدۇم.
قىرىشقاندەك قالاقنى تاپالمىدىم. كۆل تارتقۇمۇ يوق.
مەن ئامالسىز يەمنى قولۇم بىلەن ئېلىشقا مەجبۇر
بولدۇم. توۋا، يەمنى بىرسى چىڭداپ قويغاندەك
قېتىپ قاپتۇ. تەستە قولۇمنى پاتۇرۇپ ئالدىم، قول
بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى ئاز-تولا ئاغرىق سەزدى. يەم
نېمىشقا مۇشۇنداق چىڭدىلىپ قالىدىغاندۇ؟ دەپ
ئويلاپ قالدىم مەن. يەمنىڭ ئاستىدا يەمگە سالغان
كېپەك، دۈن دانچىلىرى شۇنداق مول تۇراتتى. مەن
يەمنى داسقا ئېلىپ سىلكىپ، سىلكىۋېتىپلا ئوقۇرغا
تۆكتۇم، قويلار بۇ يەمنى ئىشتىها بىلەن يېيىشكە
باشلىدى.

مەن ئۆيگە كىرىپ بىردەمدىن كېيىن ھويلىغا
چىقىپ، ئوقۇرغا قارىدىم. قويلار يەنە توختىتىۋاپ-
تۇ. يەملەرنى يەنە بىر قېتىم بوشىتىپ قويدۇم. قوي-
لار يەنە يەپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە توختى-
ۋالدى. مەن يەنە ئارىلاشتۇردۇم. شۇنداق قىلىپ،
بىر قېتىم سېلىپ بەرگەن يەمنى قايتا-قايتا بوشىتىش،

ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈنلەي يېگۈزۈۋەتتىم.

شۇنداق، قويلار يەمنى بۇرنى بىلەن بېسىپ يېگەچكە، يەمنىڭ زىچلىقىنى بىردەمدىلا ئاشۇرۇۋېتىدۇ، چىڭدىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇر ئاستىدىكى يەم تۇرۇپ قالىدۇ. يەمنى پات-پات بوشىتىپ بەرسە، قويلار ئاسان يەيدۇ. بۇنداق قىلمىغاندا، يازغۇنلىرى يەم دىمىقىپ سېسىپ قالمايدۇ، قىشتا توڭلاپ قېتىپ قالمايدۇ، ئىسراپچىلىق بولمايدۇ، قويلارنىڭ تويۇنۇشى تولۇق قاندۇرۇلىدۇ. شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، ئايرىم قويلاردا يەمنى ئاز يېيىش ئادىتى بولىدۇ. ئايرىم قويلاردا ئىچكى كېسەللىك بولىدۇ. بۇنداق قويلارغا قارىتا داۋالاش ئېلىپ بېرىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك، ئىشتىھانى ئاچىدىغان، ئاشقازاننى كۈچلەندۈرىدىغان دورىلارنى ئىچكۈزۈش لازىم.

## قوينىڭمۇ ئەقلى بولامدۇ؟

دوستۇم قوي توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يەنە توختاتتى. ئۇ، بىر ئاز چاي ئوتلىدى.

— قانداق، زېرىكتىڭلارمۇ؟ زېرىككەن بولساڭلار، بولدى قىلىمەن، — دېدى ئۇ.

— ياق، دەۋەرگىن، مەن راستىنلا قىزىقىپ قالـ

ھېدىم. سەن «سايىم نوچى» نىڭ ئىشىغا! سېنىڭ بۇ ئىشلە-
رىڭدىن مەن بىر قانچە پارچە تەجرىبە خاراكتېرلىك
ماقالە يازاي دەۋاتىمەن، ئەگەر سەن قوشۇلساڭ ئا-
دېدىم مەن.

— ياز، مەن قوللايمەن، قولۇمدىن كېلىشىچە
ياردەم بېرىمەن. تەجرىبىلىرىمدىن باشقىلارمۇ پايـ
دىلىنىپ نەپ ئالسا، نېمە دېگەن ياخشى - ھە!

ئۇ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— دادا، بىزنىڭ قوي گەپ ئۇقامدۇ؟— دەپ سو-
رىدى ھويلىدىن ئۆيگە كىرگەن ئوغلۇم بىر كۈنى.

مەن كىتابتىن كۆزۈمنى ئۈزدۈم. ئوغلۇمنىڭ بۇ
غەلىتە سوئالى مېنى سەل ھەيران قالدۇردى. زېھنىمنى بۆلـ
دى. مەن بۇ سوئال ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم.

— قوي سېنى نېمە قىلدى؟ سېنىڭ رايىڭغا
بارمايۋاتامدۇ؟

— قوي گەپ ئاڭلامدۇ- ئاڭلىمامدۇ؟ قانداق ئاڭـ
لايدۇ، دادا؟

— ئاڭلايدۇ.

— مەن پاخلىنىمنى سولىسام، چىقىۋالدى شۇ.
چىقما دېسەم، ئۇنىمىدى.

بۈگۈن بىر قوي ئېغىل ئىشىكىنىڭ بىر تال
ۋاخىنىسىنى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. ئوغلۇم ئالدۇرغان
پاخلان بۇ يەردىن ھويلىغا چىقىۋېلىپ بىزنى بەكلا
ئاۋارە قىلدى. خوتۇنۇم بىر قانچە قېتىم كايىپ،
پاخلاننى ئۇرۇپ سولىدى. لېكىن پاخلان زادىلا ساۋاق
ئالمىدى. بەلكى ھەدېسىلا ھويلىغا چىقىۋالدى. ئۇ.

خوتۇنۇمنى كۆرسە، «پەرتتىدە» ئىغىلغا كىرىۋالدى،
مېنى ياكى ئوغلۇمنى كۆرسە، قىلچە پىسەنتىگە ئالماي،
ئۆز ئەركىچە بولدى. ئوغلۇم بايامدىن بۇيان، ئۇنى
ئىغىلىغا سولاش بىلەن ئاۋارە بوپتۇ. بىراق، يەنە
چىقىۋاپتۇ. مەن ھويلىغا چىقىپ، ھويلىدا تۇرغان
پاخلانغا قاتتىق ھەيۋە قىلىپ قورقۇتتۇم. پاخلان ئالـ
دىراپ ئىغىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ داداـ
بالا ئىككىمىزنى كۆرۈپ، دەرھال يەنە ھېلىقى يوچۇقـ
تىن ھويلىغا چىقىپ بىزگە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ
كۆزلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى. بۇ كۆزلەر خۇددى
ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش چاقناۋاتاتتى. توۋا،
ئۇ كۆز بەئەينى ئادەمنىڭ كۆزىغۇ؟ ئۇنىڭدا ئادەمـ
نىڭكىدەك ئىچكى ھېسسىيات، روھىي كەيپىيات ئەكس
ئېتىپ تۇرىدىغۇ؟! مەن ئۇنى تۇتۇپ، ئاستا ئىتتىـ
رىپ ئىغىلغا كىرگۈزۈۋەتتىم.

قايسى كۈنى، ئۆيىمىزگە يېزىدىن دادام بىلەن
ئانام كەلدى. مېنى چوڭ قىلىپ مۇشۇ ھالغا يەتكۈزـ
گەن ئاتا ـ ئانامغا ئاتاپ بىرەر مال سويالمىغانـ
دىم. بۇ قېتىم مەن بىر قوينى سويدۇم. شۇ چاغدا
مەن بوغۇزلىنىش ئالدىدا تۇرغان قوينىڭ كۆزلىرىنى
كۆرۈپ، قوينى ئۆلتۈرۈشكە چىدىماي قالدىم، قاتتىق
ئىچىم ئاغرىدى، لېكىن، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. شۇنداق،
ئىبراھىم خېلىلۇللا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلىشقا جۈرئەت
قىلالىغان، شۇڭا ئۇنىڭغا ئاللا تەرىپىدىن قوچقار ئۆلـ
تۈرۈش نۇسرەت بولغان. ئەگەر مەن بۇ قوينى ئۆلـ

تۇرۇشكە چىدىمىسام، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتسام، ئۇنىڭ تېنىدىن لەززەتنى قانداق ئالىمەن؟ شۇنداق، بەزى ئىشلارنى كۆزنى يۇمۇپ قىلمىغۇچە بەخت ۋە راھەت پەيزىنى سۈرگىلى بولمايدۇ. «ئاشۇ چاغدا، ئېغىلدىكى قويلار باشلىرىنى چىقىرىشىپ، بوغۇزلانغان قويغا قاراپ ھىمدىلىدى، كېيىن، قويلار بىردىنلا غايىپ بولدى، بىر چاغدا قارىسام، قويلار ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورققان بولسا كېرەك، ئېغىلنىڭ ئۇ تەرىپىگە توپلىنىۋاپتۇ. توۋا، ھايۋاناتلاردىمۇ ئاشۇنداق روھىي ھالەت بولىدىكەن ـ ھە؟! مەن ئۆلتۈرۈلگەن قوينىڭ گۆشىنى كۆرۈپ، ئېغىلدىكى قويلار تېخىمۇ ئۈركۈپ قورقۇپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالمىسۇن دەپ، دەرھال ئېغىل ئىشىكىنىڭ، دېرىزىسىنىڭ تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىۋەتتىم ھەمدە ھويلىدىكى قان، تېرىلەرنى پۈتۈنلەي يۇغۇشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئېچىۋەتتىم. قويلار يەنە بېشىنى چىقىرىپ بايىقى يەرگە قاراشتى ـ يۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يەمگە كىرىشىپ كەتتى.

ئوغلۇم قولىدىكى ئالما قالدۇقلىرىنى ئەمدىلا سۈپۈرگەن ئۆيگە تاشلىغىلى تۇردى.

— ھەي، نېمانداق قىلىسەن؟ تاشلىما،— دېدى خوتۇنۇم.

ئۇنىڭ بۇ گەپ بىلەن كارى بولمىغاندەك، يەنە تاشلىدى:

— ھەي، گەپ ئاڭلىمىسەن ـ يوق، تاشلىما؟

— قويمۇ گەپ ئاڭلىمايدىكەنغۇ؟— دېدى ئوغلۇم.

— سەن گەپ ئاڭلىمايدىغان، گەپ ئۇقمايدىغان ئېغىلىمىزدىكى قوي ئەمەس، ئادەم سەن.

— بىزنىڭ قوينىڭ ئەقلى يوقمۇ، ئانا؟

— مەن نېم بىلەي.

— ئەقلى قېنى ئانا؟

— قېنىكى تاڭ!

...

— ھايۋان دېگەن يامان ئەقلى يوق بولىدىكەن؟— دېدى خوتۇنۇم ئۆزىچە.

— قانداق دەيسەن؟— دېدىم مەن.

بالىنىڭ تەرىتىنى ئېيتقان قەغەزنى تاشلىسام، قوي شۇنى يەۋاتىدۇ.

— بۇنىڭغا قاراپلا، ئەقلى يوقكەن دېگىلى بولمايدۇ،— دېدىم مەن،— ئاز - تولا ئەقلى بولمىسا، نېمىشقا ئۇرسا قاچىدۇ، نېمىشقا ياخشى يەم بىلەن ناچار يەمنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ؟

— ئۇ، ئەمدى شۇنداق بىر ئىش.

— ياق، ئەقىل، سەزگۈ بولمىسا، ئۇنى پەرق قىلالىشى ناتايىن. مەلۇم بىر كۆۋرۈكتىن سېپىلىغان ئېشەكمۇ شۇ كۆۋرۈككە ئىككىنچى قېتىم بارغاندا تۈرۈۋالىمىش. مېنىڭچە، ھايۋانمۇ ئادەمگە ئوخشاش بىر مەخلۇق. لېكىن، ئادەمگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئاڭسىز، شۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ ئادەمگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن يەرلىرى بار: ئۇنىڭدا ئادەمگە خاس ئاڭ بولسىمۇ، خۇددى ئۇ ئادەملەرگە

ئوخشاش قورقۇشنى بىلىدۇ، تېخى غەزەپلىنىدۇ، قىز-قىنىدۇ، تەلۋىلىك قىلالايدۇ، ئىچى پۇشىدۇ، بۇلار ئۇنىڭدىكى نېمىنىڭ ئىپادىسى؟ دەل ئۇنىڭدىمۇ ئاز-تولا ئەقىلنىڭ بارلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ، تېخى نۇرغۇن نەرسىلەرنى پەرق قىلالايدۇ، پەرقە ئېتىپ يەيدۇ. ياخشى - يامان يەمنى يەپ تويغان، تويمىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ نېمىنىڭ ئىپادىسى؟ بۇ سەزگۈنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟ ھايۋاناتلار كۆزىنى ئۇرغان ئادەمنى كۆرسە قورقىدۇ، سىيپىلىپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن ئۆتكىلى ئۇنىمايدۇ ياكى ئۆتسە-مۇ ئېھتىيات قىلىپ ئۆتىدۇ. بۇ نېمىنىڭ ئىپادىسى؟ بۇ ھايۋاناتلاردىكى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟ دېمەك ھايۋاناتلاردا ئاڭ بولمىسىمۇ، ئاز-تولا ئەقىل بولىدۇ، ئىدراك بولمىسى-مۇ، سەزگۈ بولىدۇ، سۆزلەش ئىقتىدارى بولمىسىمۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بولىدۇ...

— غەلىتە بىر گەپلەرنى ئويلاپ كېتىپتىكەنسىز،- دېدى خوتۇنۇم.

— ئانا، دادام نېمىنى ئويلايدىكەن؟

— قويىنىڭ ئەقلىنى!

— قويىنىڭ ئەقلى بارمىكەن، يوقمىكەن؟

— بار ئىكەن.

— نەدە باركەن؟

— كاللىسىدا.

— قېنى كاللىسىدا يوققۇ؟ مەن كۆرمىدىم؟

— ساڭا بىرىپتۇ.

— ماڭە نېرى، ماڭا بەرسە، ئۇنىڭ تۈكى بەك جىق، مەن دۆت بولۇپ قالمادىمەن...

—...

## قان شورىغۇچى كاساپەت

— قويلىرىڭىزنى كۆرۈپ باقاي، قانچىلىك سەمرىدى قېنى؟— دېدى بىر قېتىم ئۆيۈمگە كەلگەن ئېنىم. ئۇ، دېھقانىغا خاس بىر خىل كەيپىيات بىلەن ئۇسسۇپلا ئېغىلغا كىرىپ كەتتى،— قويلىرىڭ پەيجاققا يارىغۇدەك بولۇپ قاپتۇ، خېلى ئوبدان بېقىپسەن، قىش كۈنلىرى قوينى بۇنچىلىك سەمرىتمەك ئاسان ئەمەس، لېكىن ئېغىل بەك ئىسسىقتەك قىلىدۇ، دېرىزىنى پات-پات ئېچىۋەت. بىزگۇ قوي دېگەننى قىشى-ياز ئوچۇق يەردە قويىمىز، توڭمايدۇ، شەھەرنىڭ قويلىرى شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش سوغۇققا چىدىيالمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا زە، مۇشۇنداق باقىدىغان ئوخشايسىلەر. قوي دېگەننى بەك ھې-ھېلاپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، سوغۇقتا قويساڭمۇ كۆنەتتى.

— سوغۇقتا قويماي، ئىسسىق باققاچقا، مۇشۇنچىلىك سەمرىدى.

— ھازىر ھاۋامۇ خېلى ئىللىپ قالدى، ئىشىك، دېرىزىلەرگە چاپلىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋەتسەڭمۇ بو-

لىدۇ. بەك ئىسسىق بولۇپ كەتسە، قوي ئاسان پىت بولۇپ قالىدۇ. پىت بولدىما، بولدى، 360 كۈن باقىنىڭ بىكار. پىت بار قوي پەقەت سەمرىمەيدۇ. پىت دېگەن سېمىز قوينىمۇ ئورۇقلىتىۋېتىدۇ...

— شۇنداقمۇ؟

— ئانامنى كۆك پىت چېقىۋالغىنىنى ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئېسىمدە. ئەت — جاننى كۆكۈرۈپ كەتكەن، بىزنى خېلى قورقۇتقان.

— ئاشۇ كۆك پىت قويدا پەيدا بولىدۇ. بۇ كاساپەت پىت سۇدىن بەك قورقىدۇ، ياز ۋاقتى بولسا، قوينى سۇغا بىر پىشىسىلا تۆكۈلۈپ تۈگەيدۇ، قىشتا بولسا، قوينىڭ دۈمبىسىگە تۇز سېلىۋەتسە، ئاچچىقسۇ تۆكۈۋەتسە يوقۇلىدىكەن. لېكىن، پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتمەيدىكەن. مۇمكىن بولسا، قولدا ئۆلتۈرۈۋەتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ھەر ھالدا قويلىرىڭغا قاراپ باق، ... پىتقۇ يوقتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم. ئۇھ، خۇدا، ئاشۇ كۆك پىت ئۆيگە كىرىپ بالامنى ياكى مېنى چېقىۋالسا، نەقەدەر قورقۇنچلۇق - ھە؟! مەن سەل جىددىيلىشىپ قالدىم. كۈشەندىسى يوق نەرسە دۇنيادا ئاز بولىدىكەن - دە!

ئېغىل بىلەن بىز ياتىدىغان ئۆينىڭ ئارىلىقى تۆت مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. مەن بۇ مۇساپىنى ئويلاپ، قىشتا قويدىن چۈشكەن پىت بۇ ئارىلىقتىن بېرىپ بولغۇچە توڭلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆك

ھىت ئىسسىق يەردە بولىدىكەن. شۇنداق ئىكەن،
ئۇ، ئىسسىق ئېغىلدىن تاشقىرىغا چىقارمۇ؟ دېگەن
خىيال بىلەن ئۆزۈمدىكى ئەنسىرەشنى سەل پەسەيت-
تىم. ئەمما، قويلارنى پات - پات ھويلىغا چىقىرات-
تۇق. شۇنداق چاغدا، قويدىكى پىتلار چاچراپ ئۆي-
گە چۈشۈپ قالىدىغان ئىشمۇ بولارمۇ؟ ياق، بۇنىڭ
ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەن ئېغىلغا كىرىپ قويلار-
نىڭ تۈكلىرىنى قايرىپ كۆردۈم. قولۇمغا بىر نەرسە-
لەر ئۇرۇنغاندەك بولدى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. قو-
لۇمنى چاقىمسۇن بۇ كاساپەت مەخلۇق دەپ شاپپى-
دە تارتىۋالدىم. مەن بەكرەك سەمرىگەن ئىككى قوي-
نى ئارقا - ئارقىدىن ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، بويىغا
مىنىپ، يېنىمغا بىر ئامبۇرنى قويۇپ، قوي-
نىڭ تۈكلىرىنى قايرىپ، پىتلارنى ئىزلەشكە باشلى-
دىم. تەلىيىمگە چىقمىدى، لېكىن، چوڭ - چوڭ ئەخ-
لەتكە ئوخشاش نەرسىلەر چىقتى. مەن يەمنى بەكرەك
يېمەيدىغان، شوخراق، قورقۇنچاقراق، سەل ئورۇق-
راق بىر قوينى ئېلىپ چىقتىم. ئۇ، قورقۇپ تۇراتتى،
نەرىنى تۇتسام، تېرىلىرىنى يىغىۋالاتتى. مەن شۇن-
داق بىر يەردىكى تۈكنى قايرىدىم. كۆزۈمگە پۈتلى-
رى، بەدىنى قىزغۇچ، قورساق قىسمى كۆكۈش كەلگەن
بىر نەرسىلەر كۆرۈندى. لېكىن، ئۇ نەرسىلەر تۈك-
لەرنىڭ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ قاچتى. مەن ئامبۇرنى
ئېلىپ، تۈكلەرنى قايرىپ، ھېلىقى كاساپەتلەرنى
ھاس - ھاس قىلىپ قىسىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى يەر-

گە تاشلىدىم. قويغا بەكلا خوشياقاندەك قىلىدى. دەسلەپتە ئۇ قورقۇپ تۈگۈلۈپ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسا، ئەمدى رايىمغا بېقىپ تۇردى. توۋا، بۇ رومۇنچە پىتلارنى ئۆلتۈردۈم. ھېچقايسىسى مېنى چاقالمىدى، ھەتتا، ئامبۇرغا چىقماي، بويۇن بەرمەي قاچقان پىتلارنى قولۇمدىلا ئەجەل قويىنىغا يوللىۋەتتىم.

مەن بۇ قوينىڭ دۈمبىسىگە ئازراق تۇز سېپىپ ئېغىلغا كىرگۈزۈۋەتتىم. ئەلۋەتتە، شۇنچە كۆپ پىت بار قويدا يەنە بەزى پىتلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى ھەم ئۇنىڭدىكى پىتلارنىڭ باشقا قويلارغا چىقماي قېلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا، مەن بۇ ئىشتا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولدۇم. ھېلىقى ئۆلتۈردۈم دەپ يەرگە قالدۇقىنى تاشلىغان مەخلۇقلارنى تاساددىپىي تىرىلىپ، ئۆيگە، ئېغىلغا كىرىپ قالمىسۇن دەپ، پاكىز سۈپۈرۈپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئەخلەتخانىغا ئاپىرىپ تاشلىدىم.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن، پات-پات قويلىرىمنى سىناپ كۆرىدىغان، پىت بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، بولسا ئۆلتۈرۈپ كۆرىدىغان بولدۇم.

— سىز نەدە يوقىلاڭ ئىشلارنى قىلىسىز، قوي دېگەن مەينەت نەرسە، ئۇ ھامان پىت بولىدۇ، ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولامتى؟ — دېدى خوتۇنۇم بىر كۈنى ماڭا. — پىت بولسا بولمامدۇ؟ ئۇنىڭلىققا قوي بىر نېمە بو-

لۇپ كېتەمتى؟

— قويدىكى پىتقا سەل قارىغاندا بولمايدۇ، مەن
پىت بار قوي بىلەن پىت يوق قوينى كۆزىتىپ باقـ
تىم. ئەسلىدە قوي ئەڭ يۇۋاش نەرسە، ئادەمدىن
قاچمايدۇ؛ پىت بار قويلار ناھايىتى قارام بولۇپ قاـ
لىدىكەن، ھەتتا، ئاجايىپ ياۋايى بولۇپ قالىدىـ
كەن. بەزىسى تامغا، ئۇ يەر، بۇ يەرگە سۈركىـ
لىدىكەن. ئادەمنى كۆرسە ئۈركۈپ، بويۇن بەرمەي
قاچىدىكەن، بەدەنلىرىنى تۇتقىلى قويمايدىكەن. بۇ
ئېيىمدىن دېسەڭ، پىت ئازابىنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىـ
قىدىن بولۇۋاتقان ئىش. ئادەتتە، پىت يوق قويلارـ
دا ئۇنداق ئىش يوق، قاشاڭ، يەمنى كۆپ يەيدۇ،
ئاسان سەمرىيدۇ؛ پىت بار قويلار سولەي كېلىدۇ،
بەزىدە تېخى ھېچ نەرسە يېمەي تۇرۇۋالىدۇ، بەلكىم،
بۇ ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ بولالمىغانلىقىـ
تىن بولىدىغاندۇ. ئادەتتە، قويدىكى بىر كۆك پىت ئادەمـ
نى چېقىۋالسا، ئادەم نەچچە كۈنگىچە ئۆرە بولالايدۇ.
ھەتتا، بەزى ئاجىز ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمۇ
مۇمكىن. قوي ئادەمگە قارىغاندا كۆپ بەرداشلىق
بېرەلەيدىكەن، ئالايلۇق، بىر پىت بىر كۈندە ئۈچ
قېتىم چاقسا، بەش ياكى ئون پىت بىر كۈندە قانچە
قېتىم، ئىككى، ئۈچ كۈندە قانچە قېتىم چاقىدۇ؟ بۇ
ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر سان بولىدۇ. بىر پىت
ئادەمنى بىر قېتىم چاقسا شۇنچىلا ئازابلىق بولىدۇ،
قوينى نەچچە قېتىملاپ چاقسا، ھېلىمۇ بەرداشلىق

بېرەلەيدۇ؛ قوي بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن جىسمانىي بەدەل تۆلەيدۇ؛ نۇرغۇن كۈچ، ئېنېرگىيە، قۇۋۋەت سەرپ بولۇپ كېتىدۇ-دە، سەمرىشى مۇمكىن ئەمەس.

— پىتنى قولدا ئۆلتۈرۈشتىن باشقا، دورا بىلەن ئۆلتۈرىدىغان ئىش يوقمىكەن؟

— بار. ھەر قايسى مالدوختۇرلۇق پونكىتلىرىدا بۇنداق دورىلار بار. لېكىن دورا بىلەن سۇنئى ئۆلتۈرگەنگە قارىغاندا، قول بىلەن تەبىئىي ئۆلتۈرگەننىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق مىقداردا دورا بىلەن مۇداپىئە كۆرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قويدىكى كۆك پىتنى ئۆلتۈرگەندە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، قوي ھەددىدىن زىيادە پىت بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋەتمەي، كۈندە-كۈندە ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش لازىم. بىراقلا ئۆلتۈرگەندە، ئەكس تەسىر قوزغاپ، ئاشۇ پىتلارغا كۆنگەن بەدەندە باشقا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، قوينىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## قوينىڭ گەردىنىدىكى تۆكى نابۇت بولغاندا...

— ئوغلۇم، قوينىڭ گەردىنىنى دېرىزە يېگەننى كۆردۈڭمۇ؟— دېدىم مەن ئۆيگە كىرىپ.

— نېمە يەپتۇ، دادا؟— دېدى ئوغلۇم ھەيران

ھولغاندەك سوئال بىلەن.

— سەن كۆرگەنمۇ، خوتۇن؟

— نېمە دەۋاتىسىز، ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدىغان گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ؟

— قوينىڭ گەردىنىنى دېرىزە يېگەننى كۆرگەنمۇ سەن دېدىم.

— قوي دېرىزىنىڭ ياغىچىنى يېگەننى كۆرگەنمۇ دەپ، ئۇلاق دەگەلا؟

— ياق، شۇنىڭ ئەكسىچە.

— نېمە بوپتۇ؟ نېمىنى بىلمەكچى سىز؟

— قوينىڭ گەردىنىنى دېرىزىنىڭ ياغىچى يەپتۇ!

— تۈزۈك گەپ قىلغە، ياغاچنىڭ قويىنى يېگىنى نەدە بار؟ ساقمۇ يا سىز؟ بېشىڭىزنى سەل سىلكىۋېتىپ گەپ قىلىڭ.

— يېمەمدۇ زادى؟

— نېمە بولدى سىزگە؟

— ئىشەنمىسەڭ، ھازىرلا كۆرسىتىمەن.

— نېمە دەيدىغانسىز؟

— مەن ھازىرلا كۆرۈپ كەلدىم، ياغاچ قوينىڭ بويىنى —گەردىنىنى يەپ كېتىپتۇ!

— قانداق يەپتۇ؟ قان چىقماپتىمۇ؟

— ياق، قان چىقىشقا ئاز قاپتۇ.

— ...

خوتۇنۇم قايىل بولدى، مەن ئۇنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، ئوقۇردىن يەم يەۋاتقان قويلارنىڭ

بوينىنى - گەردىنىنى كۆرسەتتىم. تووۋا دېگۈدەك ئىش. قويلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گەردىنىدىن ئازراقتىنلا يېرىنىڭ تۈكلىرىنى بىر كىم ئوخشاش قىلىپ قىرقىۋالغاندەك قىلىپ قويۇپتۇ. خوتۇنۇم شۇنىدىلا ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى ۋە خۇرسىنىپ قويدى.

— قوينىڭ گەردىنىدىكى تۈكلەرنى دېرىزىنىڭ ياغىچى يۇلۇۋاپتۇ - دە! نېمىشقا بۇنداق بولغاندۇ؟ بىر چىرايلىق قوينىڭ گەردىنىدە ئالىيسى بولسا، ئەجەپ سەت تۇرىدىكەن، قاچاندىن بۇيان شۇنداق قىلغاندۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم...

مەن بايام قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ ھاياجانلانغانىدىم. مانا ھازىر سەل ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم.

قوينىڭ گەردىنىنىڭ بۇنداق بولۇپ كەتكىنىگە تېخى بۈگۈنگە قەدەر دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن، بايام كۆرۈپ ھەيران قالدىم. تووۋا، قويلارنىڭ بويى ئۆسۈپ قالغاندىمۇ؟ ياكى بىر - بىرسى بىلەن ئوقۇر تالىشىپ شۇنداق قىلغاندىمۇ؟ ياق، قويلارنىڭ بويىنىڭ ئۆسۈشى ناتايىن، ئوقۇر تالاشسا، قانداق بولۇپ، قوينىڭ گەردىنى ئېغىل دېرىزىسىنىڭ ئاستىنقى ياغىچىغا تېگىدۇ؟ بىرەر كېسەل تۈپەيلىدىن چۈشۈپ كەتكەن تۈك بولمىسۇن يەنە! مەن سەۋەبىنى تاپالمىدىم.

بىرسى ئىشىكنى چەكتى، مېھمان ئېغىلدىكى قىغنى ئالغىلى كىرگەن تونۇش دېھقان ئىكەن. مەن

ئۇنىڭغا بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن كىرىشنى دېدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، دادام قىش كۈنلىرى ئېغىل قىغىنى چىقارسا بولمايدۇ، ئامەت قاچىدۇ، دەيتتى. مەن گەرچە مۇنداق يۈزەكى ھەم خۇراپى تۇس ئالغان گەپنى ئېتىراپ قىلمىسامۇ، يەنىلا مەلۇم ئاساسى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى، لېكىن، قوينىڭ گەدىنىنى دېرىزە ياغىچى يېيىشىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا تاپالمىدىم. كۈتۈلمىگەندە بەزى قويلارنىڭ گەدىنىدىكى تۈك تاكى تېرىسىگە قەدەر تۈگىدى! قويلارنىڭ ئىشتىـ يىمۇ تۇتۇلۇپ قالغاندەك بولدى.

مەن چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا قويلارنى ھويلىغا چىقىرىپ، پىت بولۇپ قالغان بولسا، ئىشتىيى قىسىـ لىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تۈكلىرىنى ئاختۇـ رۇپ كۆردۈم. لېكىن، پىت تاپالمىدىم. توختا... ئېغىلغا بىر كىرىپ باقايچۇ؟

مەن ئېغىلغا كىردىم. ھە، دېدىم مەن بىردىنلا. ھويلىغا چىقتىم، قويلارنى سولىۋەتتىم، ئۆيگە كىرىپ:

— ھېلىقى ئىشنىڭ سەۋەبىنى تاپتىم،— دېدىم خوتۇنۇمغا.

— قانداقكەن؟— دەپ سورىدى خوتۇنۇم.

— ئېغىل ئاستى قىغ بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ،— دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ،— قىغ ئېگىزلەپ كەتكەنـ لىكتىن، قويلارنىڭ گەردىنى دېرىزە ياغىچىغا تېگەـ دىغان بولۇپ قالغان، قوي ھەر قېتىم يەم يېگەندە،

گەردەن ياغاچقا تېگىپ سۇركۇلۇپ، گەردەننىڭ يۇڭىنى نابۇت قىلغان. نېمىشقا قويلارنىڭ ئىشتىيى تۇتۇلۇپ قالىدىغاندۇ؟ يەمگە ئاغزىنى تەككۈزۈپلا، يەنە ئېغىل ئىچىگە تارتىدىغاندۇ؟ دېسەم، قوينىڭ ئالدى پۇتى ھېمىشە تاپىنى ئاستىدىكى نەرسىلەرنى ئارقا تەرەپكە ئىتتىرىدىكەن - دە، ئالدى پۇتىنىڭ تۇرىدىغان يېرى پەسلەپ، ئارقا پۇتى تۇرىدىغان يەر ئېگىزلەپ قالىدىكەن. قىغ ئېغىلدا قانچە كۆپەيسە، بۇ ئەھۋال شۇنچە روشەن بولىدىكەن. بۇنداق بولغاندا، قوينىڭ ئالدى تەرىپى پەس، ئارقا تەرىپى ئېگىز بولۇپ قالىدىكەن، يەم يېگەندە، قوينىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئالدى تەرەپكە قاپلىشىۋالىدىكەن. شۇنداق، سۇمۇ ئېگىزگە ئاقمايدۇ، ئادەممۇ بېشىنى تۆۋەن، پۇتى تەرەپنى ئېگىز قىلىپ قويۇپ، بىر نەرسە يېسە، يېيەلمەي قالىدىغۇ؟ قويلارنىڭ بېشى تەرەپ پەس، ئارقا تەرىپى ئېگىز بولۇپ قالغاچقا، يەمنى تۈزۈك يېيەلمەپتۇ، ئىشتىيىمۇ تۇتۇلۇپ قاپتۇ. قويلارنىڭ گەردىنىنىمۇ قوتۇر قىلغىلى تاس قاپتىمىز.

— قىغنى چىقىرىۋېتىڭ، ئەمىسە!؟

— ئامالنى قىلىپ باقاي قېنى!؟

مەن ئوقۇرنى ئېگىزلىتىشنى ئويلىنىپ كۆردۈم. لېكىن، دېرىزىنىڭ ئاستىنقى ياغىچىنى ئېلىۋېتىشكە توغرا كېلىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا ئىشنى قىلىشقىمۇ بولمايدىكەن؛ مەن گۇرجەك بىلەن قوينىڭ قىغلىرىنى بوشۇتۇپ، قوينىك ئالدى پۇتلىرى تۇرىدىغان يەر

بىلەن ئارقا پۇتلىرى تۇرىدىغان يەرنى ئوخشاش تەكشىلىككە ئىگە قىلىپ، قوي يەم يېگەندە قىينالمايدىغان قىلىپ تەڭپۇڭلاشتۇردۇم. بۇنىڭ بىرنەچچە كۈن ئۇنۇمى بولدى. قويلار ئېغىل ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ تۇرغاچقا، قىغ ئۆزلۈكىدىن يەنە يۆتكىلىپ، جايى-جايىغا كېلىپ قالىدىكەن-دە، ھېلىقىدەك ئەھۋال يەنە كۆرۈلىدىكەن.

مەن قىغ ئىزلەپ كىرگەن بىر دېھقاننىڭ كىشىنى چاقىرىپ، ئېغىلدىكى قىغنى چىقىرىشقا باشلىدىم. تۇۋا، ئېغىلدىن بىر خىل ئىسسىق يالقۇن پۇرقىراپ چىقىشقا باشلىدى! مەن شۇ ھامان دادامنىڭ ھېلىقى گېپىنى ئېسىمگە ئالدىم. دادامنىڭ دېگىنىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن-دە! دەپ ئويلىدىم ۋە ئېغىلدىكى قىغنىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرىنى ئالغۇزمىدىم.

— ئېمىشقا پاكىز ئالدۇرۇۋەتمىدىڭىز؟— دېدى خوتۇنۇم كەچتە.

— قىغ دېگەن ئاجايىپ ئىسسىق بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ مۇنداقچە قىلغانىدا قىغ قىش كۈنلىرى قويلارنىڭ ئەڭ ئىسسىق كېگىزىكەن. قىش كۈنلىرى ئېغىلنىڭ قىغىنى چىقىرىۋەتتىم دېگەن گەپ — قويۇمنىڭ ئېغىلدىكى ئىسسىق ماكانىنى بۇزۇۋەتتىم دېگەن بىلەن ئوخشاش گەپ ئىكەن! شۇڭا قىغنىڭ بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويدۇم. كونىلاردا «ئىسسىق باشتىن، سوغۇق ئاياغدىن تېگەر» دېگەن گەپ بار. بۇ گەپنىڭ ئاساسى بار. ئېمىشقا دېسەڭ، ئېغىلنىڭ قىس-

قويلارنى سوغۇقتىن ساقلايدۇ، ئەگەر ئۇنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتسەك، ئېغىل ئاستى ئاسانلا توڭلايدۇ، — دەپ، قوينىڭ ئۆپكە، يۈرەك قاتارلىق ئەزالىرىغا سوغۇق تېگىپ، بۇ ئورگانلارغا ئاسانلا سۇ چۈشىدۇ. ھەتتا، بۇ ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئاقىۋەتتە ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ھە دېگەندە، بىر ئىشنى تۈزلەيمەن دەپ، يەنە بىر ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. شۇنداقلا يەنە، قىش كۈنلىرى قوينىڭ يۈڭىنى قىرقىتىشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك.

## ئېغىلدىكى «گۈلخان»

— دادا، قوي كۈلۈن تۇتۇپ يەۋاتىدۇ، ماڭە كۆرۈپ باقە قېنى، — دېدى ئۆيگە ھاياجان بىلەن كىرگەن ئوغلۇم.

— نېمە دەيدىغانسەن، بالام، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن قوزغۇلۇپ.

مەن ھويلىغا چىقتىم، راستىنلا ئېغىلدىكى كۆك قوي بوينىنى ئوقۇردىن ئارتىلدۇرۇپ، بېشىنى ئېغىل سىرتىغا چىقىرىپ تۇرۇپتۇ. شۇ تاپتىكى كۆرۈنۈش كىشىگە بىر نەرسە قويلارنى قىساپ سىرتقا چىقىشقا مەجبۇرلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئوغلۇم

بىر تاياقنى قولغا ئېلىپ:
— تارتە بېشىڭنى ئىچكىرى، كۈننى يېمە، كۈننى يېسەڭ قورسىقىڭ كۆيۈپ كېتىدۇ، يەم يەڭلا، بولمىسا دۆت بولۇپ قالىسىلەر،— دېگىنىچە قويلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا باشلىدى.
— بولدى، ئۇرما، ئۇرساڭ، قورقۇپ يەم يېمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.
— بېشىنى چىقارسا ئۇرىمەن شۇنداق،— دېدى مۇماكا ئەركىلەپ.
مەن ئوقۇردىكى يەمگە قارىدىم، يەمنىڭ سۈپىتىدە ھېچقانداق مەسىلە يوق، شۇنداقتىمۇ يەمنى بىر نۆۋەت ئارىلاشتۇرۇپ قويدۇم. قويدىن بىرسى يەمنى «خوشياقماستىن» بۇراپ قويدى. ئازراق يېگەندىمۇ بولدى. مەن كۆزىتىپ تۇردۇم. بىر تەرەپتىن ئويلاندىم. ھېلىقىدەك سەۋەبلەر بارمۇ قانداق؟ ياق، ئۇنداق ئەھۋال يوق. ئوغلۇمنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتىم، قويلار قانداقتۇر بىر خىل ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. توۋا، قويلار راستىنلا ئوغلۇم دېگەندەك كۈن تۇتۇپ يەۋاتامدىغاندۇ؟ راستىنلا شۇنداقتەكمۇ قىلاتتى. بۈگۈن كۈن ھەددىدىن زىيادە ياخشى چىققان، ھاۋا باشقىچە ئىللىغانىدى.
— تاماق پىشتى، ئۆيگە كىرىڭ،— دېدى خوتۇنۇم.
— قوي نېمە يەيدىكەن؟— دەپ سورىدىم مەن

ئوغلۇمدىن ئۆيگە كىرگەندە، ئۇنىڭغا مەسلىكىم كەلـ
گەن ھالدا كۈلۈپ.

— كۈن يەيدىكەن.

— كۈننى قانداق يېگىلى بولىدۇ.

— كۈننى يېگىلى بولىدۇ، ھە، ئانا؟

— ياق، بالام.

— سەن تېلېۋىزوردا ھېلىقى بىر نەرسە چىقـ
قاندا، كۈننى يەيدۇ دېگەننىڭغۇ، ئانا؟

— نېمە دەيدۇ بۇ ئەمدى؟ — دېدىم مەن.

— ھە،— دېدى خوتۇنۇم چۈشەندۈرۈپ،— ئۆتـ
كەندە تېلېۋىزوردا ھاۋا ئاتلارنى،چاناقلارنى تونۇشـ
تۇرغان. شۇ چاغدا، بىر پاتمىچۇق بىر تۈپ يانتاقـ
نىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تىلىنى چىقىرىپ كۈن نۇرىنى
شۈمۈردى! ئۇ بۇنى كۆرۈپ، نېمە قىلىۋاتىدۇ ئانا
دەپ سورىدى، مەن كۈن نۇرىنى تۇتۇپ يەۋاتىدۇ
دېگەن.

— شۇئازە قويلار بېشىنى چىقىرىۋالسا، كۈن
يەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قاپتۇ ـ دە،— دېدىم مەن
ئوغلۇمدىن سۆيۈنگەن ھالدا.

خوتۇنۇم تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— مەن بالىنىڭ غەلىتە ـ غەلىتە گەپلىرىنى ئاڭـ
لاپ، باشقا بىر ئويلارنىمۇ ئويلىدىم،— دېدى خوتۇـ
نۇم، — ھە دېسە، قوي، قوي، دەپ، بالىنى
قوي سۈرەتلىك جىن چاپلىشىۋاپتۇ، دەپ
قورقتىم، ئاقىۋىتىنى ئويلىغانسېرى كۆڭلۈم بۇـ

زۇلدى. شۇڭا، قويلارنى يوقاتسا قىمكىن دېگەن
خىياللارنىمۇ قىلدىم. لېكىن، بۈگۈن بالا ئاشۇ بىر
چاغدىكى بىر ئىشنى مۇشۇ ئىشقا ئوخشىتالىدى.
قورقمىسام بولىدىكەن.

— بالا قىزىققان نەرسىگە توسقۇنلۇق قىلىش
ياخشى ئەمەس. بىرەر نەرسىگە قىزىققان، شۇ ئىش
توغرىسىدا زېھنىنى يىغالايدىغان بالا ئەقىللىق
بالا بولالايدۇ.

مەن بىردەمدىلا تامىقىمنى يەپ بولدۇم. ئەمما،
خىيالىم بايىقى ئىشتا بولدى. ئالدىنقى كۈنى چۈشە-
تتىمۇ، مەن، قويلاردا مۇشۇنداق نورمالسىزلىق بار-
لىقىنى ئازراق ھېس قىلغان، لېكىن، ئېتىبارغا
ئېلىپ كەتمىگەنىدىم. پەقەت يەمدىن چىقىپ كەت-
كەن ياكى قوناقنى كۆپرەك يېۋالغان بولسا، كۆرە-
شىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەتىگەنچە ئوڭلىنىپ قالار
دېگەن ئويدا بولغان ھەم يەمنى قايتا - قايتا ئارى-
لاشتۇرۇپ، سۇ، تۇز تەڭلەپ باققان بولسامۇ يېمە-
گەن، كەچتە بولسا، قويماي يەپ بولغانىدى.
ئويلانسام، بىر قانچە كۈندىن بۇيان، بۇ خىل ھالەت
ئاساسەن سادىر بولۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇ زادى
نېمە ئۈچۈن؟ قويلارمۇ شۇنداق بىر خىل ئادەتنى
شەكىللەندۈردىمۇ قانداق؟ ئەجەبا، ھەممىشە چۈشتە
كۆپ يەم يەيدىغان قويلاردا نېمىشقا بىردىنلا بۇنداق
ئۆزگىرىش سادىر بولىدۇ؟ مەن قويلارنى ھويلىغا
چىقىرىۋەتمەكچى، ئېغىل ئىچىنى، قويلارنى كۆرۈپ

باقماقچى بولدۇم. ئېغىل ئىچىگە كىرىپ باقتۇم كەلدى، ئىشىكنى ئېچىشىمغىلا بۇرنۇمغا بىر خىل غىدىقلىغۇچى ئىسسىق پۇراق ئۇرۇلدى، ۋاييەي، ئىلگىرى مۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ؟ قويلار مۇشۇ پۇراقتىن سەسكىنگەندىمىيا؟ مەن ئالدىراپ ئېغىل ئىچىگە كىردىم. ۋاھ! ئۆزۈمنى باشقا بىر خىل مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم! ئېغىل ئىچى ھەم قاراڭغۇ، ھەم تاڭسىق ئىدى. مەن بىر خىل دىمىق ئىچىدە قالغاندەك بولدۇم. ئۆزىچە تەرلەشكە باشلىدىم. ھىم. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن-دە!

مەن ئېغىل ئىچىدە تۇرۇپ، ئوغلۇمنى چاقىرىپ، گەپنى ئېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇدۇم. ئېغىل دېرىزىسىگە چاپلانغان كىگىز بىلەن يەشمەك قەغىزىنىڭ سۇغا چىلانغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئېغىل ئىچىنىڭ نەقەدەر ئىسسىپ كېتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم-دە، كىگىز بىلەن يەشمەك قەغىزىنى ئېلىۋەتتىم، ئىشىككە چاپلانغان نەرسىلەرنى ۋاقتىنچە تاشلىماي تۇردۇم. ئېغىل ئىچى ۋاللىدە يورىدى، سالقىن ھاۋا ئېقىپ كىرىپ، باشقىچە مۇھىت شەكىللىنىشكە باشلىدى. مەن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئېغىلدىن چىقتىم.

— ۋاي، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى خوتۇنۇم يۈز-كۆزلىرىمدىكى تەرنى كۆرۈپ.

— نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇقماپتىمەن، قوينىڭ ئېغىلى بەك ئىسسىپ كېتىپتۇ، دىمىقتا قويلارنىڭ

ئىچى سىقىلىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، بېشىنى تاشقىرىغا چىقارغان ئىش ئىكەن. تۆت قوي دېگەنىنىڭ تىنىقىمۇ ئاجايىپ بىر «گۇلخان» پەيدا قىلىدىكەن. ھېلىمۇ قويلار چىداپ تۇرۇپتۇ دىمىق ئازابىغا.

— ئەمدى بەك چۆكۈنۈۋالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھازىر كېچىسىمۇ سوغۇق تۆزۈك بولمايدىكەن، مۇزمۇ تۇتمايدىكەن، ئۇ يەر، بۇ يەردىكى مۇزلارمۇ ئېرىگىلى تۇرۇپتۇ.

— شۇنداق، بىراق، پەردىنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئېلىۋەتسەك بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟...

— ...

## ھەر ئىشنىڭ تەرتىپى بار

كەچتە ئىشتىن چۈشۈشكە بەك ئالدىرىدىم. چۈنكى، مەن قويلارنى بىر قانچە كۈندىن بۇيان، «گۈلخان»غا سولاپ قويۇپ ياخشى قىلدىم. بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن، بۈگۈن قويلارنى مۆھلەتتىن بۇرۇن ھويلىغا چىقىرىپ، ئىللىق ھاۋادىن نەپەس ئالدۇرماقچى ئىدىم.

ئېغىل ئىشىكىنى ئېچىشىمغىلا قويلار سەكرىشىپ ھويلىغا چىقتى، يايرىشىپ كەتتى، ھويلىنى بېشىغا كەيدى، ھېچبىر ھېيىقماي ناھايىتى ئەركىن سەكرەش-

تى، بىر - بىرى بىلەن قوغلاشتى، سوقۇشتى، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى.

خوتۇنۇم ئىشتىن كەلدى. ئۇ، ھويلىدىكى پاراكەندىچىلىكنى كۆرۈپ، چىرايى سەل پۈرۈشتىيۇ، ئىلگىرىكىدەك قايناپ، چېچىلىپ كەتمىدى.

— دېمەقتا ئىچى سىقىلىپ، زېرىكىپ ئۆلەيلا دەپتىكەن، چىقىرىۋەتسەم، خارامۇشلۇقى يوقالدى بۇ كاساپەتلەرنىڭ...

ئوغلۇم قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ، قويلارنى سۈرۈشكە باشلىدى. بىر دەمدىن كېيىن قويلارنى سولىۋەتتىم.

— دادا، ئاۋۇ يەرنى نېمىشقا ئېچىۋەتتىڭ؟ قوي توڭلاپ قالىدۇ، ئېتىۋەت، ماڭ! — ئوغلۇم يەنە ۋاتىلداشقا باشلىدى.

— ئەمدى ئەتمەيمىز، چۈنكى، پات ئارىدا ياز بولىدۇ.

— ئېتىسەن، ئەتمىسەڭ، قوي توڭلاپ قالىدۇ. ئەتمىسەڭ، ئانامغا دەيمەن. سېنى ئۇرىدۇ تازا، ئېتە غوجام.

ئۇ مېنى ئىتتىرىشكە باشلىدى.

— گەپ ئاڭلامسەن، بالام، ھازىر ھاۋا ئىسسىدى، دېرىزىنى يەنە ئېتىۋەتسەك، ئېغىل ئىسسىپ كېتىپ، قوي تىنالماي قالىدىكەن. يەم يېمەي ئاغرىپ قالىدىكەن.

— مەيلى ئاغرىپ قالسا، دوختۇرخانىدىن دورا

ئېچىقىپ بېرىمىز.
— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغەنسەن.
ئەتىسى ئوغلۇم يەنە شۇ ئېغىل دېرىزىسىنى ئېتى-ۋېتىش غەلۋىسىنى قىلدى. ئاقشۇەتتە، دادا - بالا ۋارقىرىشىپ قالدۇق. ئانىسى ئارىغا چۈشتى. ئۆگىنى كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، ئېغىل ئىشىكىگە ئورىغان قەغەز يەشىك بىلەن كېگىزنى ئېلىۋېتىسەن دەپ تۇرۇ-ۋالدى. مەن قوشۇلمىدىم. ئۇ:
— ئېلىۋېتىسەن، بولمىسا قوي ئاغرىپ قالىدۇ، دۆت بولىدۇ، — دەپ تۇرۇۋالدى.
— بالام، سەن، ئۇقمايسەن، ئۇنى ھازىر ئېلى-ۋەتسەك بولمايدۇ، سوغۇق تېخى پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكىنى يوق. كېچىسى قويلار توڭۇپ كېتىدۇ، قوي توڭسا، بالام، ئورۇقلاپ كېتىدۇ، سەن خاپا قىلماي تۇرغىن. مەن كېيىن ئېلىۋېتىمەن. بەلەن بالىمۇ سەن، ئەسكى بالىمۇ؟
— مەن دېگەن بەلەن.
— بەلەن بالا دېگەن دادىسىنى، ئانىسىنى خاپا قىلمايدۇ.
— ئۇنى ئېلىۋەتسەك، قويۇم توڭۇپ كېتىدۇ-ھە، دادا؟
ئوغلۇم بۇ ئىشلارغا ۋە مەن دېگەن بەزى گەپ-لەرگە قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياكى ھېلىقى دېرىزىنىمۇ چاپلىۋېتىش كېرەك، ياكى ئىشى-كىكە چاپلىغان قەغەز، كېگىزنىمۇ ئېلىۋېتىش كېرەك.

ئەمما، بۇ ئارزۇسىنى ئۇ گەپ بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى، شۇڭا ئۇ، كەچتە يەنە شۇ داۋراڭنى سالدى، خوتۇن بۇ غەلۋىگە ئارىلاشتى:

— ھاۋا جاھان ئىللىقلاندىن كېيىن، ئىشىكتىكىنىمۇ ئېلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؛ ئەمدى بەربىر ئېلىۋېتىسىزغۇ؟

— لېكىن، ھەر ئىشنىڭ تەرتىپى بار، خوتۇنە، — دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ، — ئاچ قورساققا پولۇ بىلەن ناشتا قىلسا، ئاشقازان ئاغرىيدۇ؛ ئىسسىق ئۆيدىن تالاغا چىقسا، زۇكام بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قوينىڭ ئىشىمۇ شۇنداقراق بىر ئىش. قىشتىن بىرى قويلار ئىسسىق ئېغىلدا ياتتى، لېكىن، ھازىر ھاۋا ئىللىدى دەپ، ئالدىراپ ئىشىك - تۈڭلۈكنى ئېچىۋەتسەكمۇ بولمايدۇ، شۇڭا ئازراق ئېچىۋەتتىم، بىر قانچە كۈن ئۆتسە، قويلار بۇ يوچۇق كۆرسەتكەن تېمپېراتۇرا مۇھىتىغا كۆنىدۇ، ئاندىن ھاۋانىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، سوغۇق بولسا، يەنە دېرىزىنى ياپىمىز، ئىسسىق بولسا، ئاچىمىز. شۇنداق قىلىپ، بارا - بارا، ئاز - ئازدىن يوچۇق ئېچىپ، قوينى قىشتا كۆنگەن مۇھىتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئەتىياز، يازنىڭ مۇھىتىغا كۆندۈرىمىز. ئۇنداق قىلماي، ياز يوردى، ئاچىمەن دەپ ئاچقاندا، قويلار ھازىرقى ھاۋا كېلىماتىغا تېزلا كۆنەلمەيدۇ، تېزلا كۆنەلمىگەن ئىكەن، كۆنۈشكە مەلۇم ۋاقىت، جەريان كېتىدۇ، شۇ جەرياندا يەنىلا قويلارغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىس-

سىقلىق ئىنىرگىيە سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە.
قويلارنىڭ سېمىزلىكىگە، سەمرىشىگە تەسىر يېتىدۇ.
نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان باققانلىرىمىزنىڭ پايدىسى
تېگىدۇ. مەن قويلارنى كۆزىتىپ كۆرۈپ، كېلىماتقا
ماسلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئىشىككە چاپلىغان يو-
پۇقلارنى كىچىك ـ كىچىك تۆشۈك ئېچىش يولى بى-
لەن، يەنى 10، 15 كۈندە ئاچماقچى مەن. بۇنداق
قىلساق، قويلار ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مۇھىتقا
كۆنۈپ كېتىدۇ. مېنىڭچە بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بو-
لىدۇ.

— ماڭ، بالام، داداڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي كې-
رىپ كېتەيلى.

— بىز يەنە نەچچە كۈنگىچە بۇ ئىشنى تالىشىپ
كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز. ھە، بالام.

— ماڭە نېرى، ئانام بەلەن جۇما. ماڭا ناۋات
بېرىسەن، ھە ئانا؟

— ئاناڭ ناۋات بەرسە، مەن ياغنىڭ چىگىردىكى-
دىن ئېلىپ بېرىمەن!

— ناۋاتنىمۇ، چىگىردەكىنىمۇ يەيمەن ھە، دادا،
ئانا؟ سەنمۇ، دادامۇ بەلەن، ھە، ئانا؟

## «تار يەردە گۆش يېگۈچە،
## كەڭ يەردە مۇشت يە»

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. ئاخشام شېكەر شەنبە

بولغانلىقتىن، ئۇششاق - چۈششەك پاراڭ بىلەن بەك كەچ ياتقان ئىدۇق. سەھەردە قوپقۇم كەلمەي ياتتىم. ئوغلۇم «قوپمامسەن، دادا، ئاغرىپ قالدىڭمۇ - ھە؟ قوي يەم يېمەمدۇ؟ يەم بەر، ھېلى مەرەپ كېتىدۇ» دېدى.

راست، قويلارغا ھەر كۈنى سەھەردىلا يەم بېرەتتىم. بۇنداق قىلىش ئادەت - رېفلېكس بولۇپ قالغان، بىرەر ۋاخ يەمنى ئاشۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بېرىش قويلارنىڭ ئاشقازىنىدا غەيرىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىچكى ئەزالاردا مەلۇم ياتلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر قويلارنىڭ سەمرىش رېتىمىنى بۇزىدۇ - دە، پات ئارىدا سەمرىشنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. قويلار يەنە بىر خىل سەمرىش رىتىمىنى ھاسىل قىلغۇچە بىر مۇنچە جەريان كېتىدۇ، مەن شۇلارنى ئويلاپ، ئورنۇمدىن ئالدىراپ تۇردۇم. ھويلىغا چىقىپ قويلارغا قارىدىم. ئۇلار ئېغىلنىڭ يوچۇقىدىن - يەم يەيدىغان يەردىن بېشىنى چىقىرىشىپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ تىپىرلاشتى، مەن يۈزۈمنىمۇ يۇيۇشقا ئۈلگۈرمەي، ئالدىراپ - تېنەپ يەم ھازىرلاپ ئوقۇرغا تۆكتۇم. قويلار يەمگە ناھايىتى ئالدىراش تۇتۇش قىلدى. ئوغلۇم قويلارنىڭ يېنىدا قالدى، مەن باشقا ئىشلار بىلەن بەنت بولدۇم.

— دادا، قوي پۇتى بىلەن مانداق، مانداق-تۇركوك، توركوك قىلىۋاتىدۇ. ماڭە، ئاينا - ئاينا

دۈمبىسىگە چىقىۋاتىدۇ،— دېدى ئوغلۇم ئۆيگە كىرىپ.

مەن قويلاردا مۇشۇنداق بىر خىل ئەھۋالنى
بىر قانچە قېتىم كۆرگەن ۋە بەزى نەرسىلەرنى ھېس
قىلغانىدىم.

تازا قارا قىش كىرىپ، سوغۇق ئەۋجىگە چىق-
قاندا، مەن يازلىق ئوقۇرنى ئېلىۋېتىپ، قىشلىق ئو-
قۇرنى ئورناتقانىدىم. قىشلىق ئوقۇرنىڭ كۆپ
تەرەپلىمە پايدىسى، ئاز بىر قىسىم پايدىسىز تەرىپى
بولغانىدى. مانا ئەمدى بۇ ئوقۇر قويلارغا كىچىك
كەلدى. بىرى، ئەتىيازنىڭ كىرىشى بىلەن ھاۋانىڭ
ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، قويلار قىستىلىشىپ تۇرۇپ يەم
يېسە، تەرلەپ دېمى سىقىلىپ كېتەتتى؛ يەنە بىرى، قوي-
لار ئەينى چاغدا ئورۇق بولۇپ، كىچىككىنە يەرگىمۇ
پاتاتتى. ھازىر قويلار سەمرىدى، تار يەرگە پاتماي-
دۇ. سەمرىگەن قوي ئىسسىققا تېخىمۇ چىدىيالمايدۇ.
ئوغلۇم دېگەنىدەك، قورسىقى ئاچقان قوي-
لار يەم، ئوقۇر تالىشىپ ھالى قالمايۋاتقان
شۇ تاپتا بىر قوي يېنىدىن قىستاپ كەلگەن يەنە بىر
قويغا بولغان «غەزىپىنى» پۇتىنى ئوقۇرغا ئۇرۇش
ئارقىلىق چىقىرىۋاتاتتى، يەنە بىر قوي ئۆزىنىڭ سى-
قىپ چىقىرىلغىنىغا، قورساق ئاچلىقىغا نارازىلىق
بىلدۈرۈپ، يەم يەۋاتقان قويلارنىڭ ئۈستىگە ئارتى-
لىپ، ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۆز ئورنىنى ئې-
لىشقا تىرىشىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بىر قانچە
قېتىم قويلارنىڭ مۇشۇنداق قوپال ھەرىكىتىنى كۆر-

گەن ۋە قاتتىق ئىنكاس قايتۇرۇپ، كۆڭۈل ئارتقۇ بى-
لەن پۇتىغا ئۇرغانىدىم. ئۇرغانىدىمۇ ئۆز-ئۆزۈمنىڭ
ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇرغانىدىم. مەن ئۇ
چاغدا، قوينىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلى-
قىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدىم. بىلىش
لازىمكى، بۇمۇ بىكارچىلا بولغان ئىش ئەمەس ئىكەن.
راست، بىكاردىن بىكار قاتتىق ئوقۇرغا پۇتىنى
ئۇرۇپ، ئۇنىڭغا جان ئاتلىق ئەمەسمۇ؟

مەن يەم يېنىغا يېقىن كېلەلمىگەن بىر قوينى
دەپ باشقا قويلارنى بېشىدىن - كومشىرىدىن تۇتۇپ
ئارقىسىغا ئىتتەردىم. قويلار ئارقىسىغا ياندى - يۇ،
يەنە ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئوقۇرنى ئىگىلىۋالدى.
قارىسام قويلار تەرلەپ تۈكلىرى تەنلىرىگە چاپلىشىپ
كېتىپتۇ. تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىسام، قويدىن ناھايى-
تى سۇس بىر خىل ھور كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئوقۇر
ئۈستىدىكى دېرىزىدىن قولۇمنى ئېغىل ئىچىگە تىقىپ،
بىر قوينىڭ تۈكى ئارىسىغا قولۇمنى سېلىپ كۆردۈم.
قولۇمغا ئىسسىق ھۆل تەگدى. قويلار چىلىق - چىلىق
تەرگە چۆمۈلۈپتۇ. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈپ، بۇ بولماپتۇ.
يازلىق ئوقۇرنى بېكىتىش ياكى باشقا چارە قوللى-
نىپ، قويلارنىڭ تۇرىدىغان جايىنى كېڭەيتىپ بەر-
مىسەم بولمىغۇدەك، دەپ ئويلىدىم.

مەن شۇنداق ھۆكۈم قىلدىمكى، قويلار يەم
ئورنى تار كەلگەندە، يەم تالىشىپ، ئورۇن تالىشىپ،
قاتتىق ئۇسسۇشىدىكەن، قىستىشىدىكەن، ئىچى -

قىلىپ، دىمى كېسىلىدىكەن، بۇ ئەھۋاللار قوي-لار-
نى قاتتىق ئازابقا سېلىپ، يەمگە بولغان قىزغىنلىقى-
نى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدىكەن. ئىشتىھاسىنى قىسىدى-
كەن. ئوقۇر تالىشىش جەريانىدا، قويلار ئۇرغۇن
ئېنېرگىيە سەرپ قىلىشىۋېتىدىكەن، بولۇپمۇ، بۇنداق
ئېنېرگىيە سەرپ قىلىشىۋېتىش — سەمرىتىدىغان قويلار
ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز.

مەن كىچىك ئوقۇرنى كۆپەيتىش ياكى يازلىق ئوقۇرنى قويۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولدۇم.

بىر قوي پۇتىنى يەنە ئوقۇرغا ئالدى. مەن ئۇنىڭ پۇتىنى ئېلىۋەتتىم. ئۇ، ئوقۇردىن پۇتىنى ئېلىپ، ئۆرە بولۇپ، ئوقۇر ئۈستىدىكى دېرىزىدىن ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى يېلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى. ئۇ ماڭا: «تار يەردە گۆش يېگۈچە، كەڭ يەردە مۇشت يە» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

## ۋەھىمە ساۋىقى

دوستۇم سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يەنە توختىۋالدى.

— زېرىكتىڭلار-ھە؟ — دېدى ئۇ.

— ياق.

— مەيلى، قانداق بولسۇن، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم سوراپ، يەنە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي: بىرسى ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى، — دېدى دوستۇم ھېكايىسىنى باشلاپ، — مېھماننىڭ ئالدىغا چىقتىم. مېھمان يېقىن بىر دوستۇم ئىكەن. ئۇ مېنى كوچا دوقمۇشىدا توختىتىپ قويغان جىپ ماشىنىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى ۋە جىپتىن بىر ئورۇق پاخلاننى چۈشۈرۈپ بەردى. مەن ئۇنى بېقىپ بېرىشىم كېرەك ئىكەن. ئۇ، بۇنى ئۆيۈمكە ئۆزى ئېلىپ كىرگەن بولسىمۇ بولاتتى، لېكىن، ئۇ بۇنى يېتىلەپ مېڭىشتىن نومۇس قىلغان ئىكەن. بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولۇپ، قوي بېقىپ مەنپەئەتنى كۆرىمەن دېگەن ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئېغىر ئالمىدىم.

بۇچاغدا، مېنىڭ قويلىرىم سەمرىپ بىر تەرەپ قىلىنىش باسقۇچىغا كەلگەن، يەم تازا زەپلەپ بېرىلىۋاتاتتى. دوستۇمنىڭ ھېلىقى پاخلىنى ئادەتتىكى غازاڭ-غۇزۇڭ بىلەن بېقىلغان، باشقا يەم يەپ باقمىغان ئۆلەمىجان پاخلان ئىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇنى مېنىڭ قويلىرىمدىن ئايرىپ بېقىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق، ئايرىپ بېقىشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. شۇڭا قويلىرىمنىڭ ئارىسىغا سولىۋەتتىم. كۆڭلۈمدە يەمنى كۆپ يېۋالسا، ماڭا بىرەر ئىش تېپىپ بېرەرمۇ؟ دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپ قالدى. ئامال قانچە؟ ئۇ بەك ئېچىرقاپ كەتكەن پاخلان ئىكەن، قويلارغا يەم بەرسەم، قويلارنى ئۈسسۈپ دېگۈدەك ئارىغا قىسىلىپ كىرىپ، يەمنى سىرىپ-سۈ-

پۇرۇپ يېدى.

ئەتىسى ئېغىلدىن بىر ۋەھىمىلىك ئىنجىق ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئالدىراپ ئېغىلغا كىردىم. پاخلاننىڭ قورسىقى ئىششىپ كېتىپتۇ!

مەن دوستۇمغا تېلېفون بەردىم. ئۇ، مېنىڭ بېقىپ بېرىشىمدە چىڭ تۇرۇۋالدى. نېمىمۇ دەي!

پاخلاننى ئايرىپ، دورا ئىچكۈزۈپ، قورسىقىنىڭ ئىششىقىنى ياندۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، قويلارغا يەم بەرگەندە، پاخلاننى ئېغىل ئىچىدە تۇرغۇزۇپ، ئارغامچا بىلەن قىسقا قىلىپ، ئىشىككە باغلاپ قويدۇم. كۆزى يەمگە تويمىغان پاخلان يەمگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئارغامچىغا ئېسىلىپ قېلىپ ئۆلگىلى تاس قالدى. كېيىن، ھويلىغا چىقىرىپ قويدۇم. لېكىن، پاخلان ئېغىلدا سىيمىگەن سۈيدۈكنى سىيىپ، چىقارمىغان مايىقنى چىقىرىپ، ھويلىنى بۇلغىدى. دەسلەپتە، ئېغىلدىن ئىنجىق ئاۋازى چىققان بولسا، مانا ئەمدى بۇ ئىنجىق ئۆي ئىچىدىن چىقتى:

— يەپ ئۆلسە، ئۆلە، — دېدى بىر كۈنى خوتۇنۇم. — ئېغىلغا سولاپ قويۇڭ. دائىم ھويلا سۈپۈرۈپ قىلىش ئادالايدىغان بىكار ئادەم بارمۇ بىر يەردە؟ قانداق دېگەن گەپ بولدى بۇ؟ ئاغىنىڭىزگە سىز دېيەلمىسىڭىز، مەن دەي، ئېلىپ كېتىپ نەدە باقسا باقسۇن، بولمىسا، قوي باقىمەن دېگۈچە ئىشىنى قىلسۇن.

مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم.

بىر كۈنى ئوغلۇم پاخلاننى راسا ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

— نېمىشقا چېچىپ قويىسەن – ھە، ئۆزۈڭنىڭ پۇقىنى ئۆزۈڭ ئال. بولمىسا سېنى ئۇرىمەن، ئۆلتۈرىمەن، قەغەز سېلىپ تۆپىسىگە چىچ، شۇنداق قىلساڭ ئاسان ئالىسەن، بولمىسا، ئاتام سېنى سۇپۇرگە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم.

ياخلىنىنى باقتۇرغان دوستۇم مەندىن قېلىشىراق كەلگەچكە مەن قويلىرىمنى مۇددەتتىن بۇرۇن سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئەپسۇسكى، ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. ياخلان ئەمدى بىر مەزگىل تۇرۇۋېدى، يالغۇز قويىنىڭ ھەلۋىسى شۇنداق يامانكى، ئەييۇھا نناس، بىزنى كېچىسى ئۇيقۇدىن، كۈندۈزى خاتىرجەملىكتىن بىدار قىلدى، مەرىشى قۇلاق-مېڭىمىزنى يېدى، ياخشى يەممۇ، ئەسكى يەممۇ، ئۇنى جەلپ قىلالمىدى.

بىر كۈنى كەچتە، بازاردىن قايتىپ ئۆيگە كىرسەم، ياخلاننىڭ مەرىشى بېسىقىپ قاپتۇ. مەن ئېغىلغا قارىدىم. ياخلان يوق.

— دوستىڭىز كەپتىكەن، قويۇم ئەمدى قوۋۇۋەتلىمەي يەملەرگىمۇ كۆنۈپ قالغاندۇ، دەيدۇ، مەرەپ ئالەمنى مالەم قىلدى. بىزنى سارالڭ قىلىۋەتتى. يېگەن-سەمرىگىنىنى مەرەپ خورىتىۋاتىدۇ. بىز باشقا قويلارنى سېتىۋېتىپتۇق، ياخلانلارنى ئېلىپ كەتسىلە دېسەم، جېنىمنى چىقىرىپ، قۇنداق بولسا يەنە بىرنى جۈپلەپ بېرەي، مەرسەيدىغان بولىدۇ. سىلى ئىككىنى ئېلىڭلار، شۇنىڭغىچە بۇ

پاخلان ئاچ قالمىسۇن، قوناقنى كۆپرەك بېرىپ باقارسىلە. هازىرمۇ هەم خېلى سەمرىپ قاپتۇ، دەيدۇ. ئىمانىم ئۇچتى، گەپ بىلەن تازا ئەدىبىنى بەردىم. ئاندىن پاخلاننى چىقىرىپ تالاغا قوغلىسام، پاخلان نايناقلاپ چىقىپ كەتتى. تۇتۇۋالسىلا دېسەم، كارىم يوق دەيدۇ تەپ تارتماي، مەن بەردىم، كارىلىرى بولمىسا خەخ تۇتۇۋالسۇن، دېسەم، تۇرۇپ - تۇرۇپ پاخلاننى قوغلاپ چىقىپ كەتتى، ئىشىكنى تاقاپ، ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالسام غايىپ بولدى، — دېدى خوتۇنۇم.

— هەي ياخشى قىلماپسەن. ئوتتۇزكۈن روزا تۇتۇپ، پوقتا ئېغىزلانغاندەك بىر ئىش بوپتۇ، — دېدىم مەن.

— باقسا ئۆزى باقسۇن، بولمىسا بۇ يېزا ئەمەس، قوي باقىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن!

— ئانام ئەسكى ئىكەن - هە، دادا؟ — دېدى ئوغلۇم ماڭا.

مەن ئوغلۇمنىڭ بۇ سۆزىگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى، شۇ چاغدىكى ئەهۋالدا خوتۇننى ئەسكى دەپ هۆكۈم قىلىش تازا ئادىللىق بولمايتتى.

مەن بىچارە دوستۇمنىڭ پاخلاننى قوغلاپ، سارىسىمگە چۈشكەن هالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئىچ ئاغرىتتىم.

دىمەككى، دوستلار، قوي باققاندا، ئۇنى ئۆزۈڭ-

لار بېقىڭلار. باشقىلارغا باقتۇرۇشتىن، بېقىپ بېرىمەن دەپ مەيدە قېقىشتىن ساقلىنىڭلار!!

## زەھەرسىزلەندۈرۈشكە سەل قارىماڭ

— لېكىن، ئاسان خوش بولۇپ كەتسەڭمۇ بول‑ مايدۇ، — دېدى دادام چېكەت پوستى توغرىسىدىكى پاراڭدا. — چېكەت پوستىدا بېقىلغان قويلارنى ئۈچ ئايلا باقساڭ بولىدۇ. ئۈچ ئايدىن ئارتۇق باقىمەن دېسەڭ، قويلار ئۆلۈشكە باشلايدۇ. داۋالاپ ئۈلگۈر‑ تەلمەيسەن، پىچاقمۇ ئىتتىك بولمىسا، قوي ھارام بولىدۇ. بىز دەسلەپتە ئۇقماي، كۆرگۈلۈكنى كۆرگە‑ لىمۇ تاس قالدۇق، چېكەت پوستىدا زەھەر بولىدى‑ كەن. ئۇنى كۆپ يېگەن قوينىڭ ئۆپچىيى زەھەرنىڭ يامانلىقىدىن سېسىپ كېتىدىكەن.

— مەن قورقۇپ كەتمەيمەن.

— قانداق دەيسەن؟

— ئامال تاپتىم.

— قانداق ئامال تاپتىڭ؟

— چېكەت پوستىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ بەردىم بۇنداق قىلسا، قوي ھەر قانچە يېسىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ. دەسلەپتە، مەنمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلمى‑ غانىدىم. چېكەت پوستىنى بىر مەزگىل سۇغا چى‑ لاپلا بېرىپتىمەن، ئارىدىن بىر قوينىڭ كۆزىنىڭ چۆ‑

رىسى، كۆز ئېقى ئۆزىچە قىزىرىپ قالدى. كېيىن،
ھەممە قويلاردا مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلدى. مەن
كۆز كېسەللىكى يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم،
مال - دوختۇرلۇق پونكىتىغا دورىغا باردىم ۋە ئۇ
يەردىكى دوختۇرلاردىن مەسلىھەت سورىدىم. ئۇلار
مېنى قورقماسلىققا رىغبەتلەندۈردى، مەن بۇ زادى
نېمە ئۈچۈن؟ دەپ تىپىرلاپ كەتتىم. نۇرغۇن ماتې-
رىيال كۆردۈم. ماتېرىيالدا چىگىت پوستى، چىگىت
كۇنجىرىسىنىڭ تەركىبىدە زەھەرلىك ماددىلارنىڭ
بارلىقى سۆزلىنىپتۇ. مەن قويلىرىمنىڭ كۆزلىرىدىكى
قىزىللىقنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.
شۇنىڭدىن كېيىن، چىگىت پوستى بىلەن چىگىت كۇن-
جىرىسىنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىدىغان بولدۇم.
قوينىڭ كۆزىدىكى ھېلىقى قىزىللىقمۇ بارا - بارا
تۈگەپ سۈزۈلدى.

— قانداق زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىسەن؟ بۇنىڭ
بىلەن گەپ ئىكەن. تەپسىلىي دەپ بەر. مەنمۇ بى-
لىۋالاي، — دېدى دادام ئۈمىد بىلەن.

— بۇ بەك ئاددىي، — دېدىم مەن دادامغا تەپ-
سىلىيرەك سۆزلەپ بېرىشكە تىرىشىپ، — چىگىت پوستى
بىلەن چىگىت كۇنجىرىسىنى ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن
زەھەرسىزلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەن ئەڭ ئاددىي ئۇ-
سۇلنى قوللىنىپ كېلىۋاتىمەن: ئون كىلوگرام سۇغا
50 گرام خام ھاك سالىمەن. ئادەتتە، قىشتا سۇ
ئىلمان بولسا، ھاك ئۇزاققا قالماي ئېرىيدۇ،

سوغۇق سۇدا ھەم بەك ئىسسىق سۇدا ئاسانلىقچە ئېرىمەيدۇ ياكى ئېرىشنى ئۇزاقراق ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئېرىگەن ھاكىنى بەك قوچىساق چېلەكتىكى سۇدا ھاك دانىچىلىرى پەيدا بولىدۇ ياكى سۇ دۇغ-لىنىدۇ. مانا بۇ 5% لىك ھاك سۈيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى تەييارلاشتا ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ. ھاك سۈيىنى ئازراق سۇدا ئېرىتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆلچەملىك سۇغا تۆكسىمۇ بولىدۇ. مەن تەي-يارلىغان بۇ 5% لىك ھاك سۈيىنى داس ياكى سۇ تۇرغۇدەك باشقا قاچىلاش ئەسۋابلىرىغا تۆكۈپ، ئۇ-نىڭ ئۈستىدىن چىكەت پوستىنى سېلىپ دۈملەپ قو-يىمەن ياكى چىكەت پوستىنى ئالدىن قاچىلىۋېلىپ، ھاك سۈيىنى ئۈستىدىن تۆكىمەن. سۇ بىلەن چىكەت مىقدارىنى مۇۋاپىق قىلىمەن. دىققەت قىلىدىغان بىر ئىش، ھاك سۈيى كۆپ بولۇپ كەتسە بولۇۋېرىدۇ، لېكىن، چىكەت پوستى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. چىكەت پوستى ھاك سۈيىنىڭ مىق-دارىدىن چوقۇم ئاز بولۇشى، ھاك سۈيى چىكەت پوستىنى نەمدىيەلىگۈدەك، چىلاشتۇرالىغۇدەك بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، چىكەت پوستىنىڭ زەھەرسىزلىنىشى چالا بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتە چىكەت پوستى بىر سائەتتىن تۆت سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا زەھەرسىزلىنىپ بولىدۇ. ھاك سۈيىنى ئىسسىق سۇدا تەييارلىسا، چى-گەت پوستى تېخىمۇ ياخشى زەھەرسىزلىنىدۇ. بۇنى سۈزۈپ قويۇشقا بېرىۋەرسە بولىدۇ. لېكىن، بىر چىلى-

ۋالغانچە سۈزۈۋەتمەي، قويسۇۋەرسە چىگىت پوستى
سىڭىپ قالىدۇ ياكى سۇيۇقى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ئە-
گەر بىر قېتىمدا كۆپرەك زەھەرسىزلەندۈرۈۋېلىشقا
توغرا كەلسە، سۇ بىلەن ھاكنىڭ مىقدارىنى كۆپەي-
تىپ، ھاك سۈيى تەييارلاپ زەھەرسىزلەندۈرۈپ، چى-
گىت پوستىنى ئېلىپ مۇۋاپىق بىر يەرگە قويۇپ قوي-
سا، ئۇدۇللۇق ئېلىپ قويلارغا بەرسە بولىدۇ. بۇن-
داق قىلغاندا، سۈيىنى بەك ساقىتىۋېتىش كېرەك.
بولمىسا، ساقىغان سۈيى ئاستىغا ئېقىپ، ئاستىدا قال-
غان چىگىت پوستىنى سىڭسىتىدۇ ياكى سۇيۇقىنى
ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە، زە-
ھەرسىزلەندۈرگەن چىگىت پوستىنى قۇرۇتۇپ بېسى-
ۋېلىپ، ئۇدۇللۇق نەمدەپ بەرسىمۇ بولىدۇ. بۇ تې-
خىمۇ قولاي.

— ھەر قېتىم زەھەرسىزلەندۈرگەندە، سۇنى،
ھاكنى جىڭلاپ ئۇلتۇرامسەن ياكى كۆز چېنىگدە سا-
لامسەن؟ — دەپ سورىدى دادام.

— جىڭلاش كەتمەيدۇ، — دېدىم مەن تەجرى-
بەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — مەندە ئون كىلوگرام
سۇ پاتىدىغان چېلەكتىن بىرى بار. مەن بۇنى بىر
قېتىم سۇنى جىڭلاپ قاچىلاپ بىلىۋالغان. ئۇنىڭغا
سالىدىغان ھاكنىمۇ بىر قېتىم جىڭلاپ كۆرۈپ، قو-
لۇم، كۆزۈمنى چەن قىلىۋالغان. ھەر قېتىم ھاك سۈيى
تەييارلاشتا، ئاشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن
ئازراق سۇدا ھاكنى ئېرىتىۋالىمەن، ئاندىن ئۇنىڭ

ئۈستىگە سۇنى تۆكۈپ ئېرىگەن ھاكنى قوچۇيمەن. 5%
لىك ھاك سۈيى تەييارلىنىۋېرىدۇ. ھەرگىز خاتا چىقـ
مايدۇ. ئەگەر چىگىت پوستىنى جىقراق زەھەرسىزلەنـ
دۈرۈۋالاي دېسەم، سۇنىڭ ئۆلچىمى ـ كەمچىسى ھېـ
لىقى چېلەك. ھاكنىڭ ئۆلچىمى ھېلىقى شۇ. ئەگەر
مەن 50 كىلوگرام سۇدا ھاك سۈيى تەييارلىماقچى
بولسام، ئون كېلوگراملىق ھېلىقى چېلەكتە بەش چېـ
لەك سۇ ھازىرلايمەن، ئۇنىڭغا يېرىم جىڭ (250
گرام) خام ھاك سالىمەن ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە
5% لىك ھاك سۈيىدىن 50 كىلوگرام تەييار بولىدۇ.

— بۇنى دەپ بېرىپ ئوبدان قىلدىڭ، — دېدى
دادام.

— بۇ ئۇسۇل بىلەن چىگىت كۆنجىرىسىنىمۇ
زەھەرسىزلەندۈرسە بولۇۋېرىدۇ، چۈنكى، چىگىت كۆنـ
جىرىسىدىمۇ چىگىت پوستىغا ئوخشاش زەھەر بار.

— مۇنداق دېگىن، — دېدى دادام رازى بولـ
غان تەلەپپۇزدا.

## مىڭ دۈمبادىن بىر قورساق ئېسىلكى يامان

— ماۋۇ نانلارنى قويغا بېرەمسىز ياكى بىر تەـ
رەپ قىلىۋېتەمسىز؟— دېدى خوتۇنۇم ئىشكاپتىن ئالـ

غان پارچە - پۇرات نانلارنى كۆرسەتتى.

— قويغا بېرەي، بىر يەردە قويۇپ تۇر، ئەتىگىچە بېرەرمەن،— دېدىم مەن كىتابىمنى بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

ئۇ، پارچە - پۇرات نانلارنى خوپىلىغا ئېلىپ چىقىپ، دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويدى.

مەن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، خويلىغا چىقىپ، قويلارغا ھېلىقى نانلاردىن ئازراق بەرمەكچى بولدۇم. لېكىن، نان ھېچ يەردە يوق ئىدى. مەن دەرھال تاشقىرىدا تۇرغان ئوغلۇمدىن سورىدىم.

— قويغا نان بەردىڭمۇ، بالام؟

— بەردىم، ھەممىسىنى، بېرىپ بولدۇم.

— ئاپلا، ماۋۇ بالىنى،قانداق قىلغىنىڭ بۇ سېنىڭ؟

لېكىن، ئورنىغا كەلمەيتتى، مەن ئەزەلدىن تاشقىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەملەرنى قويۇشنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتىم. چۈنكى، بىرى، ئوغلۇم ئۆزى خالىغانچە بېرىپ، چاتاق چىقىراتتى؛ يەنە بىرى، ئالىمادىس بىز يوق چاغدا قويلار ئېغىلدىن چىقىپ كېتىپ قالسا، يەمنى كۆپ يەۋېلىپ قورسىقى ئېسىلىپ قېلىشتەك ئەھۋال كۆرۈلەتتى، بايىقى نانلارمۇ ئاز نان ئەمەس ئىدى. مەن قويلارنىڭ قورسىقى ئېغىر دەرىجىدە ئېسىلىپ قالىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم ۋە كېچىچە خاتىرجەم بولالمىدىم.

ئەتىسى سەھەردە قويلاردا راستىنلا غەيرىي

ئەھۋال كۆرۈلدى. يەم يېگۈسى يوق. خاراموش،
گۆشىمىدى، ئىنجىق ئېغىر، ئاپلا دېدىم مەن ئازاپ
بىلەن. قويلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك قورسىقى
ئېسىلىپ قالغانىدى. مەن كونىلارنىڭ قائىدىسى-
يەرلىك ئۇسۇل بويىچە قويلارغا ياغاچ كۆشەتكۈ
سالدىم، قويلار ياغاچنى چايناپ، ئاغزىدىن كۆپۈك
ئېقىتىپ، كۆشەشكە باشلىدى.

كەچ كىردى. لېكىن، قويلاردا قورساق بوشاش
ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. ياندۇرقى كۈنى سەھەردە قور-
سىقى بوشراق ئېسىلگەن بىر قوي سەل ياخشىلىنىپ
قالدى. مەن ئۇنىڭغا دەرھال ئون نەچچە تال سام-
ساق بىلەن پىيازنى يېگۈزدۈم. بۇنىڭ بىلەن قوينىڭ
ھەزىم قىلىشى ياخشىلاندى بولغاي، يەمگە كىرىشىپ
كەتتى. قورسىقى بەكرەك ئېسىلگەنلىرىدە ياخشى-
لىنىش شەپىسى يوق ئىدى. لېكىن، بىر نەچچىسىنىڭ
كۆشەش جەريانىدا قورسىقى سەل بوشىغانىدى.
مەن دەرھال 250 گرام ئاچچىقسۇ تەييارلاپ بىر قويغا،
يەنە 50 گرام سۇدا (ناترىي B كاربون) نى سۇغا چىلاپ،
ئىككىسى قويغا ئىچكۈزدۈم، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى
بولدى. 3 - كۈنى، قويلار بارا - بارا يەمگە كىرى-
شىپ كەتتى، لېكىن، ئۈچ كۈنىدىن بۇيان ئېتىدىن
چۈشۈپ كەتتى.

— خەپ، — دېدى خوتۇنۇم مېنىڭ قورسىقى
ئېسىلگەن قويلار ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرىم، ئۇ رو-
ھىشلىرىمدىن خىجىل بولۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن،

نان دېگەننى قويغا بېرىلكدەپ، ئېچىقىپ قويامدىغان، نانىنى قوي يېيدى دەپمۇ قويغا بېرىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن.

— بەرسە بولىدۇ، لېكىن، مۇۋاپىق بېرىش كېرەك، — دېدىم مەن، — نان قۇرۇق بېرىلگەندە ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ. قانداق دېگەندە، نانىدا ئاز بولمىغان ئىسسىقلىق بولىدۇ. لېكىن، قۇرۇق ناننى كۆپ بەرسە، نان ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن، سۇيۇقلۇق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىششىۋالىدۇ-دە، قويلارنىڭ قورسىقىنى ئىششىپ قويىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ناننى بەرگەندە، چوقۇم ئاز-ئاز بېرىش كېرەك. بەرگەندىمۇ، قالايمىقان بەرمەي، ھەر قېتىمدا مۇۋاپىق بەرسە بولىدۇ، ئۇنداق قىلماي، كۆپ بېرىشكە ياكى بىرەر قېتىملىق يەم ئورنىدا بېرىشكە توغرا كەلسە، ناننى ئالدى بىلەن سۇغا چىلاپ قويۇپ بەرسە، قوينىڭ قورسىقى ئىششىپ قالمايدۇ. بۇ قېتىم بىز بەك بىخەستەلىك قىلدۇق. مۇشۇ تاپتا قويلارنى دۇمبا بىلەن مىگنىي ئۇرسا، ھازىرقى بىر قېتىملىق قورساق ئىششىكىدەك زەربە بولمايدۇ. بۇ بەك يامان بولدى.

— گاھىدا قوناقنى كۆپ يېسىمۇ، قوينىڭ قورسىقى ئىششىپ قالىدىغان ئىش بولىدىكەن، بۇمۇ قوناقنىڭ ناندەك ئىششىگەنلىكىدىن بولامدۇ؟

— قۇرۇق قوناقنى قويلارغا بەرگەندە، قالايمىقان بەرمەيمىز، ئۇنى ئۆلچەم بويىچە بېرىمىز ياكى

كۆپەيتىشكە توغرا كەلسە، ئۆلچەملىك ھالدا كۆپەيتىپ، تەدرىجىي ئۆزلەشتۈرۈپ، قويلارغا ئىغىر كەلمەيدىغان قىلىمىز. بىراقلا كۆپەيتسەك، قويلار كۆتۈرەلمەي قالىدۇ؛ بىرى، قويلار قوناقنى شۇنداق كۆپ يېيىشنى ئادەت قىلمىغان، يەنە بىرى، قوناقمۇ نانغا ئوخشاش ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن، سۇيۇقلۇقلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئىششىپ پارچىلىنىپ، قويلارنىڭ قورسىقىنى ئىششىدۇ، ھەزىم قىلىشىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. قوناقنى ناننى چىلىغاندەك چىلاپ بەرسە، قوي كۆپ يېسىمۇ ئىغىر كەلمەيدۇ. قوناقنى يارما قىلىپ قۇرۇق بەرگەننىڭ ئېپى بار، قىش كۈنلىرى تېخىمۇ شۇنداق.

ئەگەر بۇزۇلۇپ قالغان نان، ئاش قاتارلىقلارنى قويغا بېرىشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنى پاكىز يۇيۇش كېرەك. ئاندىن، مۇمكىن بولسا، زەھەرسىزلەندۈرۈپ بېرىش كېرەك. ئىمكانىيەت بار، بۇنداق يەملەرنى قويغا، بولۇپمۇ كۆشىگۈچى ھايۋانلارغا بەرمىگەن ياخشى. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا بۇنداق يەم ئىچكى ئەزالارنى زەھەرلەپلا قالماستىن، ئارتۇقچە پايدا قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. بەزى ئەزالاردا تۇرۇپ قېلىپ، ھايۋانلارنىڭ كۆشەش، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

# يۆتەل تۇتقاندا...

— دادا، ماڭ، قوي هاراق ئىچمىپتۇ، قۇسۇۋاتىدۇ، ماڭە هېلى، كۆرۈپ باقە،— دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى ئوغلۇم.

بۇ گەپ ماڭا بەك قىزىق تۇيۇلدى، ئانىسىنىڭ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— قوي دېگەن هاراق ئىچمەيدۇ، بالام، ئۇنداق يوقىلاڭ گەپنى قىلما. قوي سۇ ئىچىدۇ،— دېدى خوتۇنۇم.

— قوي يۆتىلىۋاتىدۇ، يۆتەلنى شۇنداق دېگەن گەپ،— دېدىم مەن ئىزاھات بېرىپ.

— قوي، يۆتەلدىما، دادا؟— دەپ سورىدى ئوغلۇم.

— هەئە.

— هاراق ئىچمىدىما؟!

— ياق.

— ئىچتى، ماڭە هېلى.

ئۇ مېنىڭ پېشىمدىن تۇتۇپ هويلىغا سۆرىدى.

— ئايىنا - ئايىنا قۇسۇۋاتىدۇ، ۋاي ئىست، مېنىڭ پاخلىنىم!

مەن ئوغلۇمغا چۈشەندۈرۈپ بەردىم. لېكىن، ئۇ ناقايىل بولۇپ تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر قوي

بوينىنى ئوقۇردىن چىقىرىپ، ئاغزىدىن شۆلگىيى، بۇرنىدىن بەلغەم ئاختۇرۇپ، خۇددى ئېغىر مەس بولۇپ قۇسۇۋاتقان ئادەمنىڭ كۆرۈنىشىگە ئوخشاش، بىر خىل ھالەتتە توختىماي يۆتىلىۋاتاتتى.

— دادا، ھاراقنى قويغا كىم بەردى؟

— بىر كىشىم ھاراق بەرگىنى يوق، قوي يۆتەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. دورا بەرسەك ساقىيىدۇ.

— ماڭە ئەمىسە، دوختۇرخانىغا بارايلى.

— ياق، ھازىر ئەمەس، كېيىن بارىمىز.

— نېمىشقا كېيىن بارىمىز؟...

— ......

مەن ئويلىنىپ قالدىم. ئۇقماي تۇرۇپ مۇشۇنداق يۆتىلى بار قوينى ئېلىپ قالغان ئوخشىمايمەنمۇ؟ كونا كېسەل بولسا، ئەمدى قوزغالغان ئوخشىمامدۇ، بۇ يۆتەلنى قانداق يەم قوزغىغاندۇ؟ باشقا قويلارغىمۇ يۇقارمۇ؟ بىردەمدىن كېيىن، قوينىڭ يۆتىلى توختاپ قالدى.

ئەتىسى يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. مەن ھەلەپ بېرىشكە ئالدىراپ قالدىم-دە، ۋاقىتلىق بولسۇن ئۈچۈن، قويلارنىڭ ئالدىغا ئازراق قۇرۇق سامان تۆكۈپ بېرىپ، ئالدىراپ سىرتقا ماڭدىم. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر قوينىڭ يۆتەلگەن. ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ يەنە نېمە ئىش ئەمدى؟ قوينىڭ يۆتىلى پىكىر-خىيالىمنى بۆلدى...

كېيىن مەن بۇ ئىشنى كۆزەتتىم. ھەر قېتىم

سامان سېلىپ بەرسەم، بىر - ئىككى قوينى يۆتەل تۇتتى، مەن سامانى ئېلىپ تەكشۈردۈم. تۇۋا، ئۇنىڭدا ئاز - تولا توپا بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن ئەھۋالنى سەل چۈشەنگەندەك بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن، مەن سامانىنى تاسقاپ، توپىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاندىن قويغا بېرىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئاز - تولا كۆرۈلدى، لېكىن، سامان بەرسەملا قويلار يەنىلا يۆتىلىپ تۇردى. ئەمما، مەن قورقۇپ كەتمىدىم.

مەن قويغا ھەلەپ بېرىش ئۈچۈن، ھەلەپ ئېتىدىغان سامانىنى يۇيۇۋاتسام قوشنام:

— بۇنچە قىلىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولا، قوي يەۋېرىدىغۇ؟— دېدى.

— بەكرەك يۇيۇۋەتمىسەم، سامانىنىڭ توپىسى تۈگىمەيدىكەن، تاسقىساممۇ توپىسى پۈتۈن چىقىپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا سامانىنى پاكىز قىلىپ بەكرەك يۇيۇۋەتمىسە، توپىسىنى چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدىكەن. ئۇنداق قىلمايلا، ھەلەپ قىلىپ بەرسەم، قوي ياكى يۆتەل بولىدىكەن، ياكى قورسىقى ئېسىلىپ، ئادەمنى ئاۋارە قىلىدىكەن. بەزىدە تېخى، سامانىنى قۇرۇق بېرىپ قالغاندىمۇ قوينى يۆتەل تۇتىدىكەن. بىرى، توپىسى شۇنداق قىلىدىكەن، يەنە بىرسى، سامان يۇمشاقلانغان بولغاچقا، سامان ئۇۋاقلىرى قوينىڭ كارنىيى ياكى ئۆپكىسىگە چېتىشلىق بەزى ئىچكى ئەزالىرىغا چاپلىشىۋالىدىكەن...

— سىزنى يۆتەل قوي بىلەن يۆتەل ئەمەس قوينى قاراپلا بىلىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. قانداق بىلىسىز؟

— قاراپلا بىلىدۇ دېگەن گەپمۇ تازا جىڭغا ئولتۇرىدىغان گەپ ئەمەس. ئاشۇرۇۋەتكەن گەپ. چۈنكى، قوي دېگەننىڭ ئىچىگە كىرىپ-چىققىلى بولمايدۇ. يۆتەلمۇ، يۆتەل ئەمەسمۇ؟ بۇنى بىلىشمۇ ئاسان ئەمەس، نېمىشقا دېگەندە، بەزى يۆتەل ئەمەس دەپ سېتىۋالغان قوي يۆتەل، يۆتەل دەپ سېتىۋالغان قوي يۆتەل ئەمەس چىقىپ قالىدىغان ئىشمۇ بار. مەن ئاسامەن، قوينى سېتىۋالىدىغان چاغدا، قوينىڭ كارنىيىنى قىسقا ۋاقىت مەھكەم قىسىپ تۇتىمەن. شۇ چاغدا، يۆتىلى بار قوينىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ-دە، يۆتىلىدۇ. نەپەس يوللىرى كېسەللىكى بولسىمۇ، قوينىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولىدۇ، پۇتلىرى تىترەپ كېتىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بەزى قويلار ناھايىتى قاتتىق، بەزى قويلار بوشراق يۆتىلىدۇ، بەزى قويلار يۆتەلمەيدۇ. مەن مۇشۇنداق تەكشۈرگەچكە، سېتىۋالغان قويلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساق چىقتى.

— بۇمۇ بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەن. بەزىلەر يۆتەل قوينى ئېلىپ سېلىپ، سەمرىتەلمەي قاقشىدى.

— يۆتەل قوينىڭ سەمرىمىكى ئاسان ئەمەس. لېكىن، قوينىڭ يۆتىلىنى ساقايتىش قىيىن ئىش ئەمەس، مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىغا بارسا، ھاي-

ۋاناتلارنىڭ يۆتىلىگە پايدا قىلىدىغان دورىلار بار. يۆتىلى بار بىر قوي، ئادەتتىكىدەك بولسا، ئىككى ئۈچ موچەنلىك دورا بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر قوينىڭ يۆتىلىگە سەل قارايدۇ. بۇ توغرا ئەمەس.

## قويدىكى بەلغەمنى سەمرىشكە باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى دېيىشكە بولامدۇ؟

ئوغلۇم ئۆيگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىردى ۋە يېزىدىن كەلگەن تۇغقىنىمىزغا:

— تاغا سېنىڭمۇ قويۇڭ بارمۇ؟— دېدى.

— بار.

— سېنىڭ قويۇڭنىڭمۇ بۇرنىدا ماڭقىسى بارمۇ؟

— يوق.

— بىزنىڭ قوينىڭ ماڭقىسى بەك جىق. ماڭقا بولسا نېمە بولىدۇ، دادا؟— دېدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال چۈشەندىم:

— زۇكام بولۇپ قالغاندا، ساڭا ئوخشاش ماڭقا بولۇپ قالىدۇ.

— ماڭا نېرى، مەن ماڭقا بولمايمەن. ھە، تاغا؟ قوي ماڭقا بولىدۇ. ماڭە تاغا ساڭا كۆرسىتىپ قوياي.

— ئاۋارە قىلما، تاغاڭنى؟

— ياق، كۆڭلى قالمىسۇن. چىقاي، قويلىرىڭنى كۆرگۈم بار ئىدى، — دېدى تۇغقىنىمىز.

بىز ھويلىغا چىقتۇق. ئوغلۇم قوينىڭ بۇرنىدىكى بەلغەمنى كۆرسەتتى.

— قويلارنىڭ ماڭقىسى تۈگەپ سەمرەي دەپ قاپتۇ، — دېدى تۇغقىنىمىز، — قوي سەمرىيدىغان چاغدا بىر قېتىم ماڭقا بولىدۇ، ماڭقا بولمىقى تەس، ماڭقا بولۇپ، ماڭقىسى تۈگىگەن ھامان قوي سەمرىشكە باشلايدۇ.

— ماڭقا قوي ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى بىلدۈرىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— ياق، قوي ماڭقا بولغاندا، بەدىنىدىكى ھەممە كېسەل ماڭقا بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.

— مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ، — ئادەم زۇكام بولغاندا، بۇرنىدىن زادىلا سۇ توختىمايدۇ، بۇ ئادەم بەدىنىدىكى كېسەل مىكروبلارنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. مېنىڭچە، مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، قويلارنىڭ ماڭقا بولۇشى دەل ئۇنىڭ بەدىنىدە تۈرلۈك كېسەللىك مىكروبلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، كېسەللىك ئالامەتلىرى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

— نېمىشقا شۇنداق دەيسىز؟

— سىز ھايۋاناتلار يەيدىغان ئوت - چۆپلەردە يەم - خەشەكلەردە نۇرغۇن ھاشارات ۋە كېسەللىك

مىكروبلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

— دوختۇرلار بار دەيدىكەنغۇ؟

— دوختۇرلار بار دەيدىكەن ئەمەس، چوقۇم بولىدۇ. ئېمىشقا دوختۇرلار سوغۇق سۇ ئىچمەڭلار، قايناق سۇ ئىچىڭلار دەيدۇ؟ سوغۇق سۇدا كېسەللىك مىكروبى بولغانلىقى ئۈچۈن! ھايۋاناتلار بىزگە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ يېيىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. شۇڭا ئۇ، نەرسىلەرنى يېگەندە قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدىكى مىكروب، ھاشاراتلارنى يېۋېتىدۇ. نەتىجىدە بۇ، قويلاردا ئايرىم كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئورۇق قويلارنى بولسا، بۇنداق كېسەللىك تېخىمۇ ئاسان تاپىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل قويلاردا ئاشۇنداق كېسەللىك مىكروبلىرىغا قارشى كۈچ يېتەرلىك بولمايدۇ. ئورۇق قويلار تۈرلۈك قۇۋۋەتلىك، ئاقسىل ماددىسى كۆپ ئوزۇقلۇقلارنى يېتەرلىك يېمىگەن بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قوي بەدىنىدە كېسەللىككە، مىكروبلارغا قارشى ماددىلارنى تولۇقلىيالمايدۇ ـ دە، ئاشۇنداق قويلار تاكى سەمرىگەنگە قەدەر ماڭقىدىن قۇتۇلالمايدۇ ياكى ئاقىۋەتتە باشقا كېسەللىكلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇنداق قويلارنى يەمگە سالغاندىن كېيىن، قوي بەدىنىدىكى كېسەللىككە، مىكروبقا قارشى ماددىلار كۆپىيىپ، تۈرلۈك كېسەللىك، قۇرتلارنى يوقىتىدۇ. مۇنداقچە قىلغاندا، مىكروبقا قارشى كۈچى ئاشىدۇ. شۇ چاغدا، قوينىڭ بۇرنىدىكى ماڭقىمۇ بارا ـ بارا تۈگەيدۇ.

قوي تەدرىجىي سەمرىشكە باشلايدۇ.

— نامرات ئادەمنى شامال كېسەلـى باسـقاندـا ئوخشاش بىر ئىش ئىكەن-دە!— دېدى تۇغـقىنىمىز خېلى چوڭقۇر چۆشەنچە ھاسىـل قىلغانـدەك. — بىز ئەمدى يېزا دېگەندە، سىلەرگە ئوخشاش ئويـلاپ كېتەلمەيمىز. سىز نىڭ دېگىنىڭىز راست زادى.

— قوينىڭ ماڭقىسىنىڭ تۆگىگە ئىلىكى سەمرىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ. قوينىڭ ماڭقىسى بولغانلىقى كېسەللىك يوقلۇقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، ماڭقا كېسەللىك مىكروب تۆپەيلىدىن پەيدا بولغان.

— تاغا، قوي كېسەل بولسا، گۆشنى يېسە بولامدۇ؟— دېدى ئوغلۇم يەنە كوچىلاپ.

— دوختۇر كېسەل بولغان قوينىڭ گۆشنى يېسە بولمايدۇ، دەيدىكەن. لېكىن، يېزىدا خەخ بەزىدە يەۋېرىدىغۇ؟— دېدى تۇغقىنىمىز.

— دوختۇرلار نىڭ دېگىنى راست،— دېدىم مەن، — كېسەل بولغان قوينىڭ گۆشنى يېگىلى بولىدۇ دەپ يېسە بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق گۆشتە چوقـۇم كېسەللىك مىكروبى بولىدۇ، مىكروب بـار گۆشنـى ئادەم يېسە، ئادەمدە يەنە بىر خىل كېسەللىكنى پەيـدا قىلـىشى مۇمكىن. ساق قوينىڭ گۆشنى يېسە، ھەم ئادەمـگە پايـدا قىلىـدۇ، ھەم ئادەمـگە لـەززەت بەخـش ئېتىدۇ.

# ساپادا يوق، قاتاردىمۇ يوق

«ساپادا يوق، قاتاردىمۇ يوق»، بۇ ماقال قوي بورداقچىلىقى ئىشلىرىغىمۇ باب كېلىدۇ.

بەزىلەر ماڭا: سىز قوي باقاي دەپ قالدىڭىز، ئەمدى بەل قويۇۋەتمەڭ، باقىدىغان قويغا تازا ئۇستىخىنى بار، سېمىز ئۈزۈن قويلاردىن ئېلىڭ. ئىشمەكىن دەپ جۇغى كىچىك، ۋىجىك قوينى ئېلىپ سالماڭ، دېگەنىدى.

تۇنجى قېتىم باققان قويلىرىمنىڭ ھەممىسى 9–10 ئايلاردا خېلى بېقىلغان، تويۇنغان، قوزىلىرىدىن يېڭىدىلا ئايرىلغان ساغلىقلار بولۇپ، ئىككى چىشلىق، ساغلام بەدەن، سېمىز ئۈزۈن قويلار ئىدى. مەن بۇ قويلارنى خېلى ئوبدان باقتىم، تېز سەمرىدى، بازارغا ئېلىپ بارماي مەھەللىدىلا ئۆلتۈرۈپ ساتتۇق. چۈنكى، شۇ چاغدا قوينىڭ باھاسى چۈشكەن بولۇپ، تىرىك ساتساق زىيان كۆرۈلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ساغلىق قويلارنى ئېلىپ ئۆلتۈرىدىغان قاسساپلارمۇ ئاز ئىكەن. قاسساپلار ساغلىقلارنىڭ گۆشى جىڭغا ئولتۇرمايدۇ دەپ قارايدىكەن، مېنىڭ قويلىرىم كۆرۈنۈشتە ناھايىتى سېمىز بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، راست دېگەندەك گۆشى جىڭ باسمىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق يې

رى شۇكى، بۇ ساغلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچىدىن
قوزىسى چىقىپ قالدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇلار يېگەن
يەملەرنى قورساقتىكى ھاملىنى زورىتىشقا كۆپلەپ
سەرپ قىلىپ كەتكەن، شۇنىداق بولغاچقا، گۆشى
تېرىك چاغدىكى مۆلچەردىن خېلىلا ئاز چىقتى. لېكىن،
باققانغا يارىشا، زىيان تارتمىغانىدىم. مەن بۇ
ساۋاقنى قوبۇل قىلدىم، ئىككىنچى قېتىم ساغلىق ئالـ
ماسلىققا، قوچقار ئېلىشقا بەل باغلىدىم

بىر يەكشەنبە كۈنى مەن ئۇلاغ بازىرىغا باردىم.
بۇ قېتىم قوشنامنى ئاۋارە قىلماي دەپ، ئۆزۈم يالـ
غۇز بارغانىدىم. بازارنى قىممەتچىلىك بېسىپ كېتىپـ
تۇ. قويلىرىمنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمگە سەل پۇشايمان
قىلدىم. نېمە ئامال، قانداق قوي ئالاي؟ نېمىلا بولـ
سۇن، قوي ئېلىشىم كېرەك ئىدى. ئۆيۈمدە ئىككى
چىشى پاخلانچاق بار ئىدى. ئۇنى باشقا جايغا قوـ
يۇشقا، سېتىۋېتىشكە بولمايتتى. ئۇلارنىلا باقسام
ئاۋارىچىلىق بولاتتى؛ شۇڭا بىر نەچچىنى بىرلام باقـ
سام، ئوخشاش يەم سالىدىكەنمەن، ئوخشاش ھەرىـ
كەت قىلىدىكەنمەن، پايدىسى كۆپ بولىدىكەن دەپ
قاراپ، ئاشۇ قوزىلارغا بىر قانچە قوينى يانداپ بېـ
قىش قارارىغا كەلگەنىدىم. بازارنى كۆرۈپ تۇرۇپ
قالدىم. قوچقار ئالسام، ھېلىقى پاخلانچاقلارنى قوغـ
لاپ قويسا، باققىنىم بىكار بولاتتى، تۇغدۇرۇپ بېـ
قىشقا شارائىت يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق قىلـ
غاندا، تېز سەمىرىتىپ، تېز ئۇنۇمنى كۆرۈشكە بولمايتتى،

شۇڭا مەن، ئىرىك قوي ئالماقچى بولدۇم.
شۇ ئەسنادا، بىر دوستۇم ئۇچراپ قالـدى، مال
سودىسىنى قىلىشقا ئانچە ماھىر بولۇپ كـەتمىگـەن
مەن ئۈچۈن بۇ تازا ياخشى ياردەمچى ئىدى، ئۇنىڭـ
غا ئەھۋالنى دېدىم. ئۇنىڭ بىر بېدىك ئاغىنىسى بار
ئىكەن، مېنى ئالدىغا باشلاپ ئېلىپ باردى. ئۇ، مەيـ
دىسىگە بىرنى ئۇرۇپلا سۆزگە كىرىشتىـ دە، بىـردە
پۇلنى پالاقلىتىپ يەرگە ئېتىپ، بىردە قايسى بىـر
قويلارنى تۇتۇپ دەڭسەپ، بىر نېـمە دەپ، ئاخىـرى
بىر بېدىك دوستىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، قولىغا تۇكۇـ
رۇپ، ئاجايىپ سېھرى ـ ئەسنالىرىنى ئىشقا سېلىپ،
پاخلانچاقتىن ئۈچنى ئالدىغا پەيدا قىلدىـ دە، يالـ
چۇقۇمدىكى پۇلنى شىپپىدە سۇغۇرۇۋالدى. لېكىن،
تازا رازى بولمىدىم. ئەمما، ھېلىقى ئاغىنەمگە زادىلا
يۈز كېلەلمەيـتتىم. شۇڭا قىش كۈنلىرىمۇ چىۋىـن
يۇتۇۋالغان ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ قالدىم.
— قىممەت ئەمەس ئۇكام، قىممەت ئەمەس، ھە،
يارىمىسا مەيلى، ئاپىرىپ بېرىمىز، لېكىن، ھازىر
ئەمەس، ئۇ مېنىڭ بەك يېقىن ئاغىنەم، پايدا ئالماي
بەردى، ئەتىگەندە، پۇلنى بېرىـپ بولۇپ، ياندۇرىـ
مەن دەپ بارساقمۇ بولمايدۇ، ئۇمۇ مۇشـۇ ئىش بىـ
لەن ئۇ ھەپتىدىن، بۇ ھەپتىگە قويىلىق قىلىپ، تۆت
پۇل تېپىپ بالىلىرىنى باقىدۇ. ئەتىگەندە ياناساق،
سودىسى يۈرمەيدۇ، تەسىرىمۇ ياخشى بولمايدۇ؛ يۈز
چىدىمايدۇ، ئەمدى بۇنى سىلى ئالمىسىلا. بايامدىن

بۇيان، مېنىڭ كاپشىغىنىم بىكار بولدۇ، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا ماۋۇ ساقالغا ياخشى بولمايدۇ. مەنمۇ مۇنداق تۇرغىنىم بىلەن ئۆزۈمگە ئادەم. ھە، لەۋزىلىرىنى دەپ ئېلىپ بەردىم. ئۇمۇ لەۋزە قىلىپ بەردى، ئەمدى ئى - مى دېسەك، ئاغىنەڭنىڭ ھالى شۇمەندى دېسە، ماڭغۇ مەيلى، سىلىگە نالەت ئەمەسمۇ، ئۇكام، كۆرۈپ تۇرۇپلا، بۇگۈنكى بازاردىن مۇشۇ قويلارنى ئالغان پۇلغا مۇشۇنچىلىك ئېتى بار قوينى ئالغىلى بولمايدۇ. قارىسىلا، بۇ قۇيرۇقنى، ھە، ئۆزى قارا، ئەركەك مال دېگەن ھەر قانداق يەردە پۇل، بېقىشقا ياخشى، ئالماقنىڭ ساتمىقى بار. ھازىر دەمال ساتمىز دېسەك، بىر كىم پايدا بېرىپ ئالىدۇ. ھازىر يەمگە سالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى مالنىڭ ئەركىكىنى ئالىدۇ. چاتاق چىقىپ قالسا، كېلەر ھەپتە ئۆزۈمگە ئەكىلىپ بەرسىلە، پايدىسىغا بېرىپ سېلىدىن سېتىۋالىمەن...

بېدىك ئاشۇنداق بىلجىرلىدى، مېنىڭ ئېسىمدە ئۇنىڭ مۇشۇ بىر نەچچە ئېغىزلا گېپى قاپتۇ. ئۇ، شۇ چاغدا نۇرغۇن سۆزلەپ مېنى ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالغانىدى، مەن دوستۇمغا قارىدىم. ئۇمۇ خېلىلا بىر قىسما بولۇپ قالغانىدى، ئۇ، بېدىككە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك قىلاتتى...

مەن ئۈچ ئېرىك پاقلاننى ئېلىپ، ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ كېلىۋاتسام، بىر تېرە پۇرۇچ - ئاق يۇمشاق تېرە سېتىۋاتقان يېرىدىن تۇرۇپ، قويلار-

ئىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

— ھەي، بوپتىلا،— دېدى ئۇ مېنىڭ ئىزاھاتىمـ
نى ئاڭلاپ.— باقسىلا ئەمدى. ئەسلى بۇنىڭ ئورنىغا
كىچىك بولسىمۇ، قوچقار ئالغان بولسىلا، ئاجايىپ
جايىدا ئىش بولاتتى، ئېرىك دېگەن سۆلەي كېلىدۇ.
تازا ئۇستىخان سۆرمەيدۇ. قوچقار دېگەن ھەم ئىشـ
تەيلىك، ھەم ئۇستىخان سۆرىدىغان كېلىدۇ، تېز سەمـ
رىيدۇ، گۆش كۆپ، جىڭ باسىدىغان چىقىدۇ. بۇ
قويلارنىڭ ئازراق ئۇستىخىنى - سېنى بولسىمۇ
بولاتتى.

قويلارنى ئۆيگە ئېلىپ كەلسەم، قوشنام كۆرۈپ:

— ئاپلا، جۇغى بەك كىچىك نەرسىلەرنى ئاپلا.
باققانلىرى بىكار كېتەرمۇ؟ ياقلان نەرسە سەمرىمەي
چوكىيۋالىدۇ،— دېدى مەنسىتمىگەندەك مۇئامىلە
قىلىپ.

مەن بەكلا خىجىل بولدۇم. باشقىلارنىڭ ئۆزىـ
گە ھاجەتمەن بولۇشنى، ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىـ
غان بۇ ئادەمنى ھە - ھۇ بىلەن بازارغا بىللە ئېلىپ
چىقمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلاندىم.

ئارىدىن ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. خىزمەتـ
داشلار بۇ ئېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بولدى.
كۆڭلۈمدە ھەر بىرىدىن 20 كىلوگرامدىن گۆش،
ياغ كۆرەتتىم. خېلى سېمىز دېگەن بىرسىنى ئۆلتۈرـ
ۋېدۇق، ئازغىنە گۆش چىققاندەك قىلدى. لېكىن،
يەنە، 17 كىلوگرامغا دەسسەپتۇ. بۇ يەنىلا ئاجايىپ

ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى!! مانا شۇنداق بولغاندا، مېنىڭ باققانلىرىم، بەرگەن يەملىرىم بىكار كەتكەن بولاتتى. يەنە بىر سىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇق، خۇدا بەرىكەت بەردىمۇ قانداق؟ 20 كىلوگرامدىن ئېشىپ چىقتى. ئۈچ پاخلاندىن 55 كىلوگرام گۆش - ياغ چىقتى. ھەر ھالدا ئىش ھەققىمنى ھېسابلىمىغاندا، پايدىسىمۇ ئالمىغان، زىياننىمۇ تارتمىغان بولدۇم.

مېنىڭ روھىم چۈشۈپ كەتتى، خورلۇق ھېس قىلدىم. قوشنام قىممەت ئالغانلىقىم توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېنى خىجىل قىلدى.

مەن يەنە قوي باقامدىم - يوق؟ سوۋۇغاندىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى يەنە باقىدىغان تەرەپكە تارتاتتى، چۈنكى، قويغا كۆنۈپ قالغان ئىكەنمەن، بولمىسا، سەل زېرىكىپ قالىدىكەنمەن. ئوغلۇممۇ قوي ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىدى. لېكىن، كۆڭلۈمنىڭ يەنە بىر يەرلىرى قوي بېقىشتىن يالتىيىپ تۇراتتى. مەن ئويلاندىم ... مال ئېلىشتا مەن ئېپىسىپىدە بار مالنى ئالالمىغان ئىكەنمەن. ئېرىك بىر قېتىم ئوپېراتسىيە پىچىقى يېگەن مال، دېمەك، ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئادەممۇ يېرىم ئادەم. تېخى جان يېرى يوق مال قانچىلىك سەمرىمەكچى، چوكايماقچى ئىدى؟! قىممەت بولسىمۇ، ئۈچ ئېرىك ئورنىغا چوڭ قوچقاردىن ئىككىنى ئالغان بولسام، ئاجايىپ ياخشى بولار ئىكەن. ئادەم تۇغۇلۇپ ماڭىدىغان

چاغدا، بىر يىقىلىپ، بىر قوپـۇپ، ئاخىـرى ماڭالاي-دۇغۇ؟ قوينى يەنە باقاي. ئۇمـمـىد بار يەردە، ئامەت بار.

ئەپيۇھەننا س، چارۋا مال بازىرىدا بىدىكنىڭ ئالدىغا كۆزۈڭلار ئوچـۇق تۇرۇپ بىرىـپ قالغۇچـى بولماڭلار. خۇدا مېنىمۇ ئىككىنچىلەپ مۇنداق ئالـدامچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قېلىشقا نېسىپ قىلمىغاي!

## ساۋاق كۆزنى ئاچىدۇ

شۇنداق، ئېغىلنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغىنىغا بىر قانچە كۈن بولدى.

بىر كۈنى ئوغلـۇم ئورنىدىن تۇرۇپلا:

— دادا، يۇرتىمىزغا قاچانلىقا بارىمىز،— دەپ سورىدى.

— قانداق دەيسەن؟

— چوڭ دادام ماڭا ئىككى قوي بېرىدۇ. شۇنى ئېلىپ كېلەمسەن؟

مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندىم: ئۇنىڭغا لازىمى قوي ئىدى. ئۇ قويدىن زادىلا ئايرىلالمايتتى، قوي بولمىسا بەكلا خاپا بولاتتى. مەن قويلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ، قاتتىق يىغلاپ كەتتى؛ نېمە ئامال؟ ئۇ بىر قانچە كۈندىن بۇيان زادىلا تۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ خىيا-

لىدىن قوي غەلۋىسىنى چىقىرىۋېتەرمەن دەپ ئۇرۇ-
نۇپ كۆرگەن بولسامۇ، ئامال بولمىدى. ھەر ھالدا
ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ بەزلەپ كەلدىم.

— بۈگۈن يەكشەنبە، — دېدى ئۇ يەنە بىر كۈ-
نى، — قوي ئالىسەن جۈما ئەمەسمە؟ ئالمىساڭ ئۆزۈم
ئالىمەن، بازارغا ئۆزۈم چىقىمەن تازا، سېنى ئېچچىق-
مايمەن ...

ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، كوچىغا چىقىپ ئۆتكەنلا
كىشىگە «دەردى - ھالىنى» تۆكتى. بالىنىڭ نالە-
سىگە چىداپ تۇرغىلىقمۇ؟

چۈشتىن كېيىن، مەن ئۈچ قوچقارنى يېتىلەپ
ئۆيگە كىردىم. بۇ قويلارنى خېلى كۆڭۈلدىكىدەك
سودا قىلىپ سېتىۋالدىم.

— ۋاي مېنىڭ قويلىرىم، ۋاي مېنىڭ قويلىرىم، —
دېدى بەكلا سۆيۈنۈپ كەتكەن ئوغلۇم. ئۇ، قوينىڭ
كومشالىرىنى تۇتۇپ، بويۇنلىرىدىن قۇچاقلاپ ئەر-
كىلىتىپ، خۇشاللىقتىن جېنى ئىچىگە پاتماي قالدى.

— بۈگۈن بازارغا ساپلا مۇشۇنداق قويلار
كىرىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى خوتۇنۇم، — نىمانچە
سەت بۇ قويلار. بۇ يانغا ئۆتە ئوغلۇم، مەينەت بول-
ماي. ھۆ، كېچىچە چۈشۈڭگە كىرىپ قالمىدۇ.

— ماڭە نېرى، چىرايلىق قويلىرىم بۇ مېنىڭ!

— سەل ئىسكەتتى بولسا، نېمە دەر ئىدىڭ.
چىرايلىقراق قويلارنى تاللاپ ئالسىڭىز بولمامدۇ؟

— گەپ چىرايلىق، سەتتە ئەمەس، خوتۇن، چى-

رايىلىقىنىڭ چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ. گەپ، باقساق نەپ بېرىدىغان بەرمەيدىغانلىقىدا. چىرايلىق قويلارنىمۇ ئېلىپ كۆردۇق. چىرايلىق دەپ باقساق، ئاخىرىدا چىرايلىققا لايىق بولماي قالدى. ساۋاق ئېلىپ، ئەقىل تاپقانىدا، ئادەمنىڭ كۆزى ئېچىلىدىكەن. چىرايلىقتىن ساۋاق ئېلىپ سەتنى ئالدىم.

— بۇ قاملاشمىغان گەپ بولدى...

— قاملاشمىغان يېرى يوق. خەق كۆپ قېتىم ماڭا سېنى ئۇزۇن، كومشىرى، قۇلىقى، پاقالچىقى يوغان قويلارنى ئالسىڭىز، بەك ئىشتىھالىك چىقىدۇ، يەمنى كۆپ يەيدۇ، ئاسان سەمرىيدۇ. دېگەن. لېكىن، مەن ئۆتكەندە بۇنىڭغا خىلاپ ھالدا بېدىكىنىڭ ئالدىشى بىلەن چىرايلىق مال ئېلىپ قالدىم... بۇ قېتىم سەت بولسىمۇ، ئاشۇ ئۆلچەمگە يەتكىنىنى تاللاپ ئالدىم. قاراپ تۇر، بۇ ماللاردىن چوقۇم پايدا ئالىمىز. نېمىشقا دېسەڭ، بېرى، قويلارنىڭ سېنى ئۇزۇن، ئۇستىخىنى چوڭ، يەمنى ھەر قانچە يېسە كۆتۈرىدۇ، گۆش كۆپ چىقىدۇ. يەنە بېرى، بەك ياشمۇ ئەمەس، قارا، ئۇلارنىڭ كومشىرى، قۇلىقى، پاقالچە كلىرىنىڭ چوڭلۇقىغا، قوپاللىقىغا! يەنە كېلىپ قويلارنىڭ خېلىلا ئېتى بار. ئېتى بار بۇنداق قويلار ئاسانلا سەمرىيدۇ. مەن يەنە، سېنى ئۇزۇننى ئالىمەن دەپ سېنى بەك ئۇزۇن، لېكىن، ئىنچىكە قوينى ئالمىدىم. چۈنكى، سېنى بەك ئىنچىكە قوي، جۇغى كىچىك قويغا ئوخ-

شايدۇ، خالاس. خۇدايىم بۇيرىسا، بۇ قېتىم بۇ قوي-
لارنىڭ كارامىتىنى كۆرسەن!

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ خىل قويلاردا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بار ئىكەن. باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىكەن. قوينىڭ يېگىنى، خۇدانىڭ بەرگىنى دېگەندەك، بۇ قويلار يەمنى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يەپ بەردى. 40 كۈنگە بارمايلا سەمرىدى، سەتلىكى يوقالدى. ساتقاندا ئالىمىزگە ئالاھىدە پايدا كۆرسەتتى. كېيىنكى چاغلاردا مەن مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قوي سېتىۋېلىپ مەنپەئەتنى كۆپ كۆردۈم.

شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، قوينى كۆپ قوغلىغان، باشقا قويلارنى نەسىللەندۈرۈش «خىزمىتى» گە قاتناشقان قوچقارلارنى ئىمكان بار ئالمىغان ياخشى. چۈنكى، بۇنداق قوچقارنىڭ بەدىنىدىكى قۇۋۋەت ئىسفىرما ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇنى بورداققا سالغاندا، ئۇزاق ۋاقىت بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرسى، چولاق، توكۇر، قوتۇر، شۇنداقلا، تۇرلۇك ئىچكى كېسەللىكى بار ھەر قانداق قوينى ئالماسلىق كېرەك. بۇنداق قويلارنى ھەر قانچە باقسىمۇ نەپ ئېلىش تەس، بەزى ھاللاردا مۇشۇنداق قويلارنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، دەرھال داۋالاپ ساقايتىش كېرەك.

# پايدا توغرىسىدا پاراڭ

— قوي بېقىپمۇ پايدا ئالغىلى بولامدىكەن؟

— بولمامتىكى، پايدا ئالمىسا باقامدۇ؟!

— بەك كۆپمۇ ئەمەس. ھەر ھالدا پايدىسى بار، — دېدىم مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن.

كىشىلەر مەندىن پات - پات ئاشۇنداق سوراپ قالاتتى. مەن ئۇلارنى قانائەتلەندۈرەتتىم. بۈگۈن ئۇلارلى مەندىن كوچىلاپ سوراپ قالدى:

— بىر قوينى 50 — 60 كۈن باقسىڭىز، قانچىلىك پايدا ئالغىلى بولىدىكەن. راستىنى دەپ بېقىڭە!؟

— ئوخشاش ئەمەس، بەزى قويلاردىن كۈنىگە بىر يۈەندىن، بەزى قويلاردىن ئازدېگەندە 0.60—0.80 يۈەنساپ پايدا ئالغىلى بولىدۇ. لېكىن، بىر، ئىككى قوينىلا باقسا پايدىسى ئاز بولىدۇ، بەزىدە زىيان تارتىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ تېخى! بىر نەچچىنى، ئورۇن بولسا، 15 — 20 نى بىرلا باقساق، قىلغان ئىش-ھەرىكەت ئاشۇ بىر، ئىككى قويغا قىلغان ھەرىكەت بىلەن ئوخشاش بولىدۇ، ھەر بىر قويدىن ئاز - ئازدىن پايدا قىلسىمۇ، توپلاپ كەلسە، يەنە خېلى بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

— شۇنداق بولغاندا، بىر يىلدا قانچىلىك پايدا ئالغىلى بولىدىكەن؟ سىز بىر يىلدا قانچىلىك

پايدا ئالغانسىز؟

— مەن خاتىرلەپ ماڭغان ئالتە ئايلىق كىرىم-چىقىم ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئالتە ئايدا مەن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 11 تۇياق قوي بېقىپتىمەن. ئومۇمى كىرىم خېلى بىر يەرگە بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن يەم - خەشەك چىقىمى، قوي سېتىۋېلىشقا كەتكەن چىقىم ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش دورا - دەرمەك قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەكلەرنىڭ چىقىمىنى چىقىرىۋېتىپ، ساپ ئالغان پايدا 540 يۈەندىن ئېشىپتۇ. بۇ مېنىڭ پەقەت ئىش ھەققىم ئۈچۈنلا ساپ قالغان پۇل.

— ۋاي، بۇمۇ ئاز پۇل ئەمەس، مەسىلەن، ئالتە ئايدا 540 يۈەن پايدا ئالغىلى بولسا، بىر يىلدا 1080 يۈەن پايدا ئالغىلى بولىدۇ دېگەن گەپ، بىر ئائىلە ئۈچۈن، بىر يىلدا 1080 يۈەن قوشۇمچە-كىرىمگە ئېرىشمەك بەك قىيىن ئىش. ئادەتتە مۇشۇن-چىلىك پايدا بىلەن ھەر قانداق بىر ئۆينىڭ دەرت-ئەسەرىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. قوينى شۇڭا باققان ئىكەنسىز -دە! قوي باققاندىن كېيىن، ياغمۇ چاي-نىغانسىز ھە قاچان؟

— ئەمدى شۇنداق بولىدىكەن. گۆش - ياغنى كەڭ - تاشا يىدۇق. ئېغىلىمىزدا گۆش بولسا، يىمەك ئاسان ئىكەن.

— شۇغىنىسى قوي دېگەن مەينەتچىلىكى كۆپ-رەك: سىيىدۇ، مايىقلايدۇ، ئاندىن ئۇ پۇرايدۇ، كېسەل-

لىكمۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

— ئەمدى بۇمۇ قوينى قانداق بېقىشقا باغلىق ئىش، قاراڭ، پەم ئىشلەتسە، قوينىمۇ پاكىز باقىلى بولىدۇ. قانداقتۇر، كېسەل پەيدا قىلىشمۇ ناتايىن. ئۆزۈمنى ئالىدىغان بولسام، مۇشۇ قوي بىلەن ھەپىلەشكەندىن بۇيان سالامەتلىكىم ياخشىلىنىپ قالدى. ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ھەرىكەتنى ئاز قىلغاچقا، بەك ئېزىلەڭگۈ بولۇپ قالىدىغان گەپ ئىكەن. مەن ئىشخانىدا چارچىسام، ئۆيگە كىرىپ قوي بىلەن بولىمەن، زېھنىم مەركەزلىشىدۇ، ھەرىكەت قىلىپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ، بەدەنلىرىم يەڭگىللەپ قالىدۇ. مەن يىللاردىن بۇيان، كاناي يالۇغى، زۇكام، ئاشقازان ئاغرىقى، پۇت - قول بوغۇم ئاغرىقى، نېرۋا ئاجىزلىقى دېگەندەك كېسەللەرنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەنىدىم. مانا ھازىر ئاشۇ كېسەللەر مەندىن ئۆزلۈكىدىن غايىپ بولۇپ يوقالدى. قوي بېقىش جىسمانىي ساغلاملىققا پايدىلىق بولۇپلا قالماي روھىي ساغلاملىققىمۇ پايدىلىق. مەن ھازىر ئۆزەمنى ناھايىتى روھلۇق، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ، تەمكىن سېزىمەن. مەندىكى ئالدىراڭغۇلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، ئەستە تۇتالماسلىق دېگەنلەر قاياقلارغىدۇ غايىپ بولدى، زېھنىم چېچىلسا، تېزلا مەركەزلەشتۈرەلەيمەن.

— راست، ھەرىكەت بار يەردە بەرىكەت بولىدۇ، — دېيىشتى سۆھبەتداشلىرىم، — ھاياتلىق ھەرىكەتتە دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. قويغا

يەم بەرگەندە، نۇرغۇن ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كې-
لىدۇ. ھەرىكەتنى كۆپ قىلغان ئادەم ساغلام بولى-
دۇ. سىز ياخشى يول تۇتۇپسىز جۇمۇ!

## ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ سىرى نەدە؟

دوستۇم ھېكايىسىنى توختاتتى ۋە:
— بۇلار مېنىڭ ھەقىقىي تەجرىبەم!... ھازىر ئويى-
لىسام، ئەسكەرتمىسەم بولمايدىغان يەنە بىر ئىش قاپ-
تۇ. شۇنىمۇ دېۋېتەي،— دېدى. ئاندىن ئۇ سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى،— ئوغلۇم توپ ئوينايمەن دەپ چى-
قىپ كەتتى. مەن قويلارغا يەم بېرىپ بولۇپ، ئۇلار-
نىڭ يەم يېيىشىگە قاراپ تۇردۇم. قويلار ناھايىتى
ئىشتىھا بىلەن باراۋەت قىلغىلى تۇردى. شۇ ئەسنادا
مېنى خۇتۇنۇم چاقىردى، مەن ئاڭلىدىم، ئەمما،
ئانچىۋالا ئېتىبار بېرىپ كەتمىدىم. چۈنكى، مەن شۇ
تاپتا، قويلارنىڭ بىر قانچە ۋاقىتتىن بۇيانقى يەم
يېيىشى، سەمرىش جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش-
لارنى، ساۋاقلارنى، ئۇتۇقلارنى ئويلاش بىلەن بەنت
بولۇپ كەتكەنىدىم. بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى قويىنى
قانداق بېقىشىم ئۇچۇن ياخشى ئۆرنەككە ئىگە بو-
لۇش مۇددىئايىمنىڭ رىغبەتىدىن بولغان ئىش ئىدى.
مەن نۇرغۇن ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇردۇم.
ئالايلۇق، قوي زادى قانداق قىلغاندا، يەمنى قال-

دۇرماي ئىشتىھا بىلەن كۆپ يەيدۇ؟ مەن بۇنىڭغا
جاۋاب تاپتىم. شۇنداقلا مەن پەن - تېخنىكا خادىم-
لىرى دەپ يۈرگەن ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا - مال بې-
قىش، بورداشنىڭ نېمىلىكىنى، بۇ ئاتالغۇنىڭ يې-
شىمىنى تاپقاندەك بولدۇم. بۇ تولىمۇ ياخشى بولدى.
مەن يەنە بولدى قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتمىدىم.
شۇ چاغدا ئارقامدىن بىرسىنىڭ ئاياغ تېۋىشى ئاڭ-
لاندى- دە، قولۇمنى مۇزلۇق، قوپال بىر نەرسە
قىستى. مەن ئەندىكىپ كەتتىم، بەكمۇ تاسادىپىيلىق
ئالامەتلىرى ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى...
— قېتىپ قالدىڭىزمۇ؟ بۇ جاھاندا بارمۇ- يوق،
سىز؟ سىزنى قوي بىلەن سولاپ قويغۇدەك بولدۇم
شۇ تاپتا! تاماق يېۋېلىپ قارىسىڭىزمۇ بىر يەرگە
كەتمەيدۇ بۇ قويلار، يا ئادەم بىلەن تولتۇرۇپ،
ئۆينىڭ مەسلىھەتىنى قىلغىلى بولمىغان، ئۆيگە
كىرسە قوي بىلەن بولغان، ئادەم دېگەن ياغاچ
ئەمەس، يا لاي قوچاق. ئانچە - مۇنچە ئۆينىڭ
گولى - مۇڭغىمۇ قۇلاق سېلىپ قويسىڭىز بولارمىكىن.
خوتۇنۇم راستىنلا خاپا بولغانىدى. راست،
ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بار، مەن قوپىمەن، قويلار-
غا يەم بېرىمەن، ئىشقا چىقىمەن، (ئەمما قوينى دەپ،
خىزمەتنى زادىلا ئۆكسىتىپ قويمايمەن) ئىشتىن چۈ-
شىمەن، يەنە قوي بىلەن بولۇپ كېتىمەن. بۇ قان-
داق ھېرىسمەنلىك؟ ئۆزۈممۇ بۇنىڭغا تازا ئېنىق جا-
ۋاب بېرەلمەيمەن. ئائىلە، تۇرمۇش توغرىسىدا ئىل-

گىرىكىدەك تەسەۋۋۇر، پاراڭلارنى قىلىدىغانغا زادىلا پۇرسەت ئاجراتمىدىم. ئۆيىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى خوتۇنغا قالىدۇ، ياشچىلىقتا، ئەلۋەتتە. ئەر - خوتۇنلارنىڭ تاتلىق - تاتلىق گەپلىرىمۇ بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟! بۇلار نېمىدىن بولغان؛ بۇلار مەندىكى قوي بېقىش ھېرىسمەنلىكى، قويغا بولغان مۇھەببەت، ئاشۇ بىر ئىشقا بولغان چوڭقۇر، شەكسىز مۇھەببەتتىن بولغان!! ھەر قانداق ئىشتا مۇشۇنداق بىر ئىشتىياق بولمىسا، نەتىجە قازىنىش مۇمكىن ئەمەس.

— رەنجىمە خوتۇن، كېيىنك بولسا دېگىن، قۇلىقىم سەندە! گەپنى چەتكە قاققىنىم يوق. ئەمدى «ئۆردەك گۆشى يەي دېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەن گەپ بار. قوينى باققان ئىكەنمىز، نەپ ئالىمەن، دەيدىكەنمىز، ھەمىشە بۇنىڭ پېيىدە، غېمىدە بولمىساق بولمايدۇ.

— قۇرۇسۇن ئۇنداق نەپ.

— ياق، مەندىكىسى نەپ ئېلىش ھېسسىياتى ئەمەس، شۇنداق بىر ھەۋەس، شۇنداق بىر ئىشتىياق!

— تولا چىشىمغا تەگمىگە؟

— ماقۇل، مەن ھازىر ئىلمىي ئۇسۇلدا قوي بېقىش، بورداش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتاتتىم. سەن شۇ تاپتا زېھنىمنى بۆلۈپ، مەندىن بەكرەك چىشىمغا تەگدىڭ!

— نېمە ئۇ ئىلمىي ئۇسۇل — ئىلمى ئۇسۇل دې-

ـگەن قۇرۇق گەپ؟ خەقـنىڭ ئىلمىي ئۇسۇل دېگەن
ئىلمەك ئۇسۇل دېگىنى بىكار ئەمەس. نۇرغۇن كىـ
ـتابلارنى سېتىۋالدىڭىز، ئوقۇدىڭىز، سىزنىڭ نەزىـ
ـرىڭىزدە ئىلمىي ئۇسسۇل دېگەن شۇ ئىدى. ئەجەب
شۇ ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىشقا سېلىپ، قويلارنى بىر نەچـ
ـچە كۈندىلا سەمرىتىپ ساتالمىدىڭىزغۇ؟

— چىچىلما.

— گەپ تالاشمايلى، ئىلمىي ئۇسۇل دېگەن قۇـ
ـرۇق نەزەرىيە، بولدى، تامىقىڭىزنى يەڭ.

بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى.

ئىلمىي ئۇسۇل دېگەن زادى قانداق سىر؟ مەن
شۇنداق قارىدىمكى، بۇ پەقەت بىر غوۋا ئاتالغۇ.
ـمۇبادا كىشىلەر مۇشۇ ئاتالغۇ ئىچىگە نوقۇل ھالدا
ـكىرىپ قالىدىغان بولسا، مەڭگۈ نەتىجە قازىنالمايـ
ـدۇ؛ ئۇ، بىر نەزەرىيۋى ئۇقۇم، مودا ئاتالغۇ.
ئىلمىي كىتابلار ئاشۇ ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ ئاچقۇچى
بولسىمۇ، ھەممە نەرسىلەرنى يېپىدىن يىغىنسىغىچە
يېشىپ - دەپ بېرىدىغان بولسىمۇ، ئاشۇ كىتابلار،
تەدبىقلىغۇچىلار، يا قىلغۇچىلار ئۈچۈن مۇقەددەس
نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئاشۇ كىتابتىكى نەرسىلەر
مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە جايدا قىلىنغان بولىدۇ.
چەكلىك دائىرە ئىچىدىكى خۇلاسە، چەكلىك بولىدۇ،
ئۇ، چەكسىز ھەم مەڭگۈلۈك بولغان ئومۇمىيلىققا
ئىگە بولالمايدۇ. مەن كۆرگەن چارۋىچىلىق توغرىسىـ
ـدىكى كىتابلار مېنى شۇنداق بىر يەكۈنگە ئىگە قىلـ

دىكى، ئۇنىڭدىكى ئۇرغۇن نەرسىلەر مېنىڭ قوي بېقىش شارائىتىم، قويلاردىكى يەرلىك ئالاھىدىلىك قاتارلىق ئۇرغۇن تەرەپلەرگە ماس كەلمەيدىكەن. ماس كەلگەن تەقدىردىمۇ قارىغۇلارچە كۆچەپ، ئاشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، قوي بېقىشقا بولمىدى. ئۇنداقتا، ئىلمىي ئۇسۇل دېگەن نەرسىنىڭ سىرى زادى نەدە؟

مەن يۇقىرىدا ئۇرغۇن ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەردىم. بىلىش لازىمكى، ئاشۇ ھېكايىلەر مېنىڭ مال بېقىشتا قوللانغان ئىلمىي ئۇسۇلۇم، خالاس. ئىلمىي ئۇسۇل مېنىڭچە، ھەر قانداق نەرسىنى قارىغۇلارچە ئەمەس، بىلىپ تۇرۇپ قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، قىلغان ئاشۇ بىر ئىشنى كۆزىتىش، توختىماي كۆزىتىش، ئەستايىدىل كۆزىتىش كېرەك. ئاندىن يەنە، كۆزىتىشتىن چىققان يەكۈننى، نەتىجىنى تەدبىقلاش، سېلىشتۇرۇش، ساۋاقلارنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش، تەجرىبىلەرنى جانلىق يوسۇندا قوللىنىش، داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا، بۇلارنى قايتا - قايتا، زېرىكمەي قانات يايدۇرۇش، ئۇتۇقلىرىنى قوللىنىش، شاكىلىنى ئىلغىۋېتىش كېرەك. مانا بۇلار ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ سىرى ۋە ھەقىقىي مەنىسىدۇر.

1991 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلدى،

1992 - يىلى 2 - ئايدا تۈزىتىلدى. قەشقەر

ھۆسەن خەتنى جۇمە ئابدۇللا يازغان

# چارۋىلارنى تېز سەمرىتىش ھەققىدە ھېكايە


ئاپتورى: ئابلەت جۇمە

تېخنىكا تەھرىرى: مۇھەممەت بەھرىدىن

مەسئۇل تەھرىرى: تاھىر تالىپ

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلەت ئەھەت

فورماتى: كىچىك 32 كەسلەم

باھاسى: 3.60 يۈەن

بېسىشقا رۇخسەت قىلىنىش نومۇرى: 2662

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى